
بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ


وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللّٰهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا



# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

## المسلم الصيني

## 中国穆斯林



2004 2

مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة





2004-يىل 4-ئاينىڭ 27-كۈنى رەئىس خۇ جىنتاۋنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل ئەھمەد جەنۇبىي ئافرىقا دۆلىتىنىڭ 10 يىللىقى تويىغا ۋە يېڭى زۇڭتۇڭنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى. جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتى پەۋقۇلئاددە ئەلچىنى قىزغىن، دوستانە ۋە ئالىي سالاھىيەتتە كۈتۈۋالدى. يېڭىدىن سايلانغان زۇڭتۇڭ مۇبېكى، مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ زۇما، پارلامېنت باشلىقى مۇبېدى ۋە سابىق زۇڭتۇڭ ماندېلا قاتارلىقلار ئىسمائىل ئەھمەد بىلەن كۆرۈشتى. ئىسمائىل ئەھمەد رەئىس خۇ جىنتاۋغا ۋاكالىتەن مۇبېكى زۇڭتۇڭنىڭ داۋاملىق زۇڭتۇڭ بولغانلىقىنى ۋە يېڭى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلىدى ھەمدە رەئىس خۇ جىنتاۋنىڭ مۇبېكىغا يوللىغان تەبرىك خېتىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. مۇبېكى تەشەككۈر ئېيتتى ۋە خۇ جىنتاۋغا سالام يوللىدى. ئىسمائىل ئەھمەد يېڭى سايلانغان پارلامېنت باشلىقى بىلەن كۆرۈشكەندە، جۇڭگو مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى ۋۇ باڭگوغا ۋاكالىتەن ئۇنى تەبرىكلىدى ۋە ۋۇ باڭگونىڭ تەبرىك خېتىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەردى. مۇبېدى بۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى ۋە ئىسمائىل ئەھمەد ئارقىلىق ۋۇ باڭگوغا تەشەككۈر ۋە سالام يوللىدى.

تەبرىكلەش پائالىيىتى داۋامىدا ئىسمائىل ئەھمەد يەنە نىگېرىيە، موزامبىك، كېنىيە، ماداغاسقار، زىمبابۋې، زامبىيە، دومىنىكا قاتارلىق ئەللەرنىڭ زۇڭتۇڭى، ئېفىئوپىيەنىڭ زۇڭلىسى، ئىراننىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى قاتارلىقلار بىلەن سەممىي پاراڭلاشتى ۋە جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ بىر قىسىم رايون- شەھەرلىرىدە ئېكسكۇرسىيە-زىيارەتتە بولدى.



① جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ يېڭى زۇڭتۇڭى مۇبېكى رەئىس خۇ جىنتاۋنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى ئىسمائىل ئەھمەد بىلەن كۆرۈشتى.
② جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى ماندېلا پەۋقۇلئاددە ئەلچى ئىسمائىل ئەھمەد بىلەن كۆرۈشتى.
③ ئىسمائىل ئەھمەد جەنۇبىي ئافرىقا يەرلىكلىرى مەدەنىيىتى مەھەللىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

(سۈرەتنى لى خۇاشىن تەمىنلىگەن)




جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد ئەلى يۈ جېنگۈي، مۇئاۋىن باش كاتىپى مۇستاپا ياڭ جىبولار 4-ئاينىڭ 28-كۈنىدىن 5-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىسلامىيەت ئىشلىرى ئالىي كېڭىشىنىڭ 16-نۆۋەتلىك يىغىنىغا قاتناشتى.



مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە سىياسىي كېڭەشنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كەلگەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىس ۋە دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى 3-ئاينىڭ 12-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى ۋە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

# ئىراقتا تۇرۇشلۇق ئامېرىكا، ئەنگلىيە بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ ئەسىرلەرنى خورلاش ۋەقەسىگە قارىتا

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ باياناتى

يېقىندىن بېرى ئاشكارىلىنىۋاتقان ئىراقتا تۇرۇشلۇق ئامېرىكا، ئەنگلىيە بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ ئىراقلىق ئەسىر ۋە مەھبۇسلارنى خورلاش ۋەقەسى كىشىلەرنى قاتتىق غەزەبلەندۈردى. «جەنۋە ئەھدىنامىسى» قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك خەلقئارا ئەھدىنامىلەرگە خىلاپ جىنايى قىلمىشلاردىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئىنتايىن قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ ۋە ئۇنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ ھەمدە ئامېرىكا، ئەنگلىيەدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتنىڭ «جەنۋە ئەھدىنامىسى» قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك خەلقئارا ئەھدىنامىلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ئىراقلىق ئەسىر ۋە مەھبۇسلارنىڭ تۈپ ئادىمىيلىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشىنى كەسكىن تەلەپ قىلىدۇ. بىز بۇ ۋەقە ئۈستىدە ئەتراپلىق ۋە ئۈزۈل-كېسىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى ھەمدە ئالاقىدار كىشىلەرنى قاتتىق جازالاشنى تەلەپ قىلىمىز.

ئىشەنچىمىز كامىلكى، ئاللاھ تائالا ئادىل ۋە رەھىمدىلدۇر. ئالىيجاناب ئاللاھ تائالادىن ئىراق خەلقىنى ئۇرۇش بالايى ئاپىتىدىن بالدۇرراق ساقىت قىلىپ، ئۇلارنى باياشات ۋە ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مۇۋەپپەق قىلىشىنى ھەمدە دۇنياغا تىنچلىق ۋە ئەمىنلىك ئاتا قىلىشىنى ئىخلاسىمىز بىلەن تىلەيمىز - ئامىن!

**جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى**
2004-يىل5-ئاينىڭ27-كۈنى

# المسلم الصيني

## مۇندەرىجە

### ▼ ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى ▼

ئىسلام دىنىنى بۇرمىلاشنىڭ ۋە ئۇنىڭغا بىر تەرەپلىمىلىك قاراشنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلايلى.................. دوكتور مەھمۇد ھەمدى زەقزۇق (4)

### ▼ «قۇرئان كەرىم» تەتقىقاتى ▼

قۇرئان ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى........................... ئابابەكرى قارىي ھاجى (13)
«قۇرئان كەرىم»دىكى سۈرە نامىلىرى توغرىسىدا.....ئابدۇرەقىپ ئابدۇغېنى (16)

### ▼ شەرىئەت ئەھكاملىرى ▼

جامائەتلىك نامازلاردا سەپتە رۇس تۇرۇش توغرىسىدا......... تۇرسۇن توختى(22)

### ▼ ۋەز- تەبلىغ ▼

ئاللاھ جازانىنى ھارام قىلدى .................... ياقۇپ ھەمدۇللا، سادىق ياقۇپ(26)
يول-كۆۋرۈك ياساش، ئاسراشمۇ ئىمانىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.......................... ئۆمەرجان خۇدىبەردى(30)
باشقىلارنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە رۇخسەت سوراش ۋە ئۇنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى .......................... ئىسمائىل ياقۇپ (32)

### ▼ ئاتا-ئانىلار ۋە پەرزەنتلەر ▼

ئاتا-ئانىغا ۋاپادار بولايلى.............................. ئەمەر سېمىز (35)
باللار كەلگۈسى ئۈچۈن يەنىلا ئوقۇسۇن................ ئانىقىز ئەزىز (37)

### ▼ مۇسۇلمانلار پەزىلىتى ▼

خورما دەرىخى ۋە مۆمىن ئادەم........ ئابدۇلئەزىز رەھمتۇللا ئەزھەرى(40)

### ▼ ئالىم-ئۆلىمالار ▼

ئالىم-ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر......... سابىر ئىمام(42)

### ▼ ياش ئالىملىرىمىز ▼

نەزەرىيىۋى فىزىكا ساھەسىدىكى ئۇيغۇر ئالىمە — مەدىنە ئابلىكىم .......................... ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرەھىم (45)





## جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林

（پەسىللىك ژۇرنال 季刊）

（ئومۇمىي 71 -سان 总第71期）

باش مۇھەررىر:
شەمشىددىن ھاجى

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
ھاجى بارات رەجەپ

تېخنىك تەھرىر:
ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد

تەكلىپلىك تەھرىر:
ئادىل ھاجى كېرەم

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى:
شەمشىنۇر ھوشۇر


主　　编：夏米西丁・哈吉
副 主 编：巴拉提・热吉甫
技术编辑：安瓦尔・穆罕默德
特邀编辑：阿迪力・阿吉克力木
封面设计：夏美希努尔・吾守尔

刊号 ISSN1007-5836 :خەلقئارالىق نومۇرى
CN11-1346/B :دۆلەت ئىچى نومۇرى

邮发代号: 58—167 :پوچتا ۋاكالەت نومۇرى
Q1720 :چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى
国外代号：Q1720

CHINA MUSLIM

# مۇندەرىجە




2004

2

باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى

تۈزگۈچى، نەشر قىلغۇچى: «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى

مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى؛ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

ئادرېس: بېيجىڭ شەھىرى شۇەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ

پوچتا نومۇرى: 100053 فاكس: 83520073

تېل: 83520073، 010 - 63513181

شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى: ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 119-قورۇ پوچتا نومۇرى: 830001

تېل: 0991-2566193

جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ. (بېيجىڭ 399-خەت ساندۇقى)

主　　办：中国伊斯兰教协会

编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部

印　　刷：中央民族大学印刷厂

订阅、发行：全国各地邮局、乌鲁木齐市邮政局；《中国穆斯林》维文编辑部

地址：北京市宣武区南横西街103号

邮编：100053　电话：010 - 63513181

010 - 83520073（兼传真）

新疆发行站：乌鲁木齐市延安路119号

邮编：830001电话：（0991）2566193

国外发行：中国国际图书贸易公司

（北京 399 信箱）


## ▼ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇرلار▼


ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر قانداق قىلغاندا دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ ماڭالايدۇ ............ئابدۇكېرىم ھاجى (49)


## ▼مەسچىت-مەدرىسىلەر▼


قۇمۇل جۈمە مەسچىتى............ قۇربانجان رەھمان (57)


## ▼ئىسلام ئىلمىدىن تەرمىلەر▼


بوھتان چاپلاشتىن ھەزەر ئەيلەڭ............ ياقۇپ ئوسمان(25)

كىبىر ۋە ماھىيەت ............(31)

بىرلىك ۋە باراۋەرلىك............(39)

ئىسراپچىلىق ھارامدۇر ............(44)


## ▼ئىسلامغا دائىر ئەسەرلەر▼


ئانىلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللار نوقتىئىنەزىرى ۋە ئىسلام دۇنياسىدىكى "يۇلتۇز" ئانىلار مەدھىيىلەنگەن نادىر ئەسەر — «شەرق يۇلتۇزلىرىنى ئىزلەپ» ............ ھاجى مەھمۇدى (59)


## ▼خەلقئارالىق بېرىش-كېلىشلەر▼


جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى ئىسلامىيەت ئالىي كېڭىشىنىڭ 16-نۆۋەتلىك يىغىنىغا قاتناشتى............ ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى (56)


## ▼ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى▼


ياقۇپ ھاجى، ھەبىبۇللا مەتسەيدى، ھامۇت مامۇت قاتارلىقلار خەۋىرى......(63)


## ▼ئىسلام مائارىپى▼


ھەبىبۇللا مەتسەيدى خەۋىرى ............(63)


## ▼تۆھپىكار دىنىي زاتلار، ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار▼


ھەسەنجان قارى، تاشقارى يۈسۈپ، سىدىق تۇردى قاتارلىقلار خەۋىرى ............(64)


## ▼خەۋەرلەر▼


خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ قىبچىشۇ قەدىمىي مەسچىتىنىڭ 600 يىللىقى تەبرىكلەندى...... (62)

قەيسەر موللا خەۋىرى ............(64)



( بۇ سان 2004-يىل 6- ئاينىڭ 1- كۈنى نەشردىن چىقتى )

# ئىسلام دىنىنى بۇرمىلاشنىڭ ۋە ئۇنىڭغا بىر تەرەپلىمىلىك قاراشنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلايلى

دوكتور مەھمۇد ھەمدى زەقزۇق

*تەھرىر ئىلاۋىسى: ژۇرنىلىمىزنىڭ 2002-يىللىق 4-سانىدىن باشلاپ، مىسىر دىن- ۋەقفە فوندىنىڭ ۋەزىرى، ئىسلام دىنى ئىشلىرى ئالىي كېڭەشنىڭ رەئىسى، داڭلىق ئىسلام ئالىمى دوكتور مەھمۇد ھەمدى زەقزۇقنىڭ غەربتىكى بەزى شەرقشۇناسلارنىڭ ئىسلام دىنىنى بۇرمىلاش غەرىزىدىكى قاراشلىرىغا رەددىيە بېرىپ، ئىسلام دىنىنىڭ چىنلىق روھىنى نامايان قىلىش مەقسىتىدە يەتتە چوڭ تەرەپتىن 37 مەسىلىنى سوئال-جاۋاب تەرىقىسىدە چۈشەندۈرۈپ يېزىپ چىققان «ئىسلام دىنىنى بۇرمىلاشنىڭ ۋە ئۇنىڭغا بىر تەرەپلىمىلىك قاراشنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلايلى» دېگەن كىتابىنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنلىرىنى، جۈملىدىن ژۇرنىلىمىزنىڭ 2002-يىللىق 4-سانىدا «مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىمدارلىق ھەرىكىتى ۋە جىھادنىڭ ئەسلى قىياپىتى ھەمدە زوراۋانلىق مەسىلىسى» دېگەن قىسمىنى، 2003-يىللىق 1-،2-سانلىرىدا «ئىسلام دىنى ۋە ئىنسانىيلىق مەسىلىسى»، «ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمان ئاياللار مەسىلىسى» دېگەن قىسىملىرىنى بەرگەنىدۇق. ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدىن باشلاپ بۇ ئەسەرنىڭ باشقا مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرىنى بەرمەكچىمىز.*

## «قۇرئان كەرىم»

**بىرىنچى، «قۇرئان كەرىم»نى ئاللاھ ۋەھيى قىلىپ نازىل قىلغانمۇ ياكى ئىنسان ئۆزى ئاپىرىدە قىلغانمۇ؟**

1. «قۇرئان كەرىم» ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن مۇقەددەس كىتابتۇر، شۇنداقلا، ئۇنىڭدا ئىسلام ئەدەپ-ئەخلاقلىرى تولۇق نامايان بولغان. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىلاھىي ۋەھيى ئىكەنلىكىگە ھېچ شەك كەلتۈرمەيدىكەنمىز، ئۇنىڭغا قەتئىي-جەزمىي ھالدا ئىمان كەلتۈرۈشىمىز لازىم.

ئىسلام دىنىغا زىت تۇرىدىغان قەدىمكى ۋە ھازىرقى بىر قىسىم ئادەملەر قۇرئاننىڭ چىن-سەمىمىيلىكىگە ئىمان ئېيتقانلارنىڭ قەلبىگە شەك كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان. ئەينى ۋاقىتتا، مەككە مۇشرىكلىرى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىلاھىي ۋەھيىلىكىگە قارشىلىق كۆرسىتىپ، زور مالىمانچىلىق تۇغدۇرغانىدى. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم» مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكلىرىنى ئېيتىدۇ: **"كۇففارلار: 'بۇ (يەنى قۇرئان) پەقەت ئۇ(يەنى مۇھەممەد) ئۆزى توقۇغان يالغاندۇر، ئۇنىڭغا ئۇنى توقۇشقا باشقا بىر قەۋم (يەنى ئەھلى كىتاب) ياردەم بەرگەن' دەيدۇ"** {سۈرە «فۇرقان» (25-سۈرە)، 4-ئايەت}. **"ئۇلار ئېيتتى: '(بۇ) بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدۇركى، ئۇلارنى ئۇ يازدۇرۇۋالغان، (ھېپزى قىلىۋېلىش ئۈچۈن) ئۇنىڭغا ئەتىگەن-ئاخشامدا ئوقۇپ بېرىلىۋاتىدۇ'"** {سۈرە «فۇرقان» (25-سۈرە)، 5-ئايەت}. **"ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ: 'ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) قۇرئاننى بىر ئىنسان تەلىم بېرىدۇ' دېگەن سۆزىنى ئوبدان بىلىمىز"** {سۈرە «نەھل» (16-سۈرە)، 103-ئايەت}. مەككە مۇشرىكلىرى يەنە قۇرئاننى سېھىرگەر، كاھىنلارنىڭ قەۋللىرى دەپ ھاقارەتلەپ، قۇرئاننىڭ ئىلاھىي ۋەھيىلىكىنى ئىنكار قىلماقچى، ئۇنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە ئايلاندۇرۇۋەتمەكچى بولغانىدى. ھازىر غەرب ئەللىرىدىكى بىر قىسىم شەرقشۇناسلارمۇ بۇ خىل مەۋقەنى تۇتۇپ «قۇرئان كەرىم»گە ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار، قۇرئان ئىلاھىي ۋەھيى ئەمەس، ئۇ مۇھەممەد ئۆزى ئويدۇرۇپ چىقىرىۋالغان

ئەسەر، دەۋىلىشقا زور كۈچ سەرپ قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار ھەتتا ئىلگىرىكى مۇشرىكلار كۆتۈرۈپ چىققان ئىسترازلارنى ئەينەن قوللىنىۋاتىدۇ.

تارىخىي ئىسپاتتىن مەلۇمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا ھەم يېزىشنى ھەم ئوقۇشنى بىلمەيدىغان ساۋاتسىز ئۇممىي ئىدى، شۇڭا، ئۇ زات ئاللاھ تائالادىن نازىل بولغان قۇرئانىي ۋەھيىلەرنى يېزىپ قالدۇرۇشقا بىر نەچچە ساھابى كىراملارنى مەخسۇس تەيىنلىگەنىدى. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېزىشنى ۋە ئوقۇشنى بىلگەن بولسا باشقىلارنىڭ ياردىمىنى ئەسلا تەلەپ قىلمىغان بولاتتى. ئۇنداقتا، ساۋاتسىز ئۇممىي بولغان بىر كىشى باشقا دىنلارنىڭ كىتابلىرىنى قانداقسىگە ئوقۇيالىسۇن؟ قاچان ئوقۇغانىكەن؟ بۇ پەقەت ھېچقانداق پاكىت ۋە سەنەدلىك ئاساسى بولمىغان بىمەنە سۆزلەردىنلا ئىبارەت، خالاس.

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدە ئىسلام دىنىنى دەۋەت قىلغان ئون ئۈچ يىل جەريانىدا، يەھۇدىي دىنىدىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق تارىخى رىۋايەتلەر بولۇپ باققان ئەمەس. شۇڭا ئۇلار ئۇنىڭ خرىستىئانلار بىلەن بولغان ئالاقىسىدا بۇھەيرى دەپ ئاتىلىدىغان بىر خرىستىئان راھىب بىلەن بولغان ھېكايىسىنى تىلغا ئېلىپ مۇبالىغەلەشتۈرىدۇ. دەرۋەقە، ئەينى ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسى ئەبۇ تالىپقا ئەگىشىپ سودا-تىجارەت ئۈچۈن شامغا بارغاندا ئۇشبۇ راھىب بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ھەققىدە بىر رىۋايەت بار. ئۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېخى توققۇز، يەنە بىر رىۋايەتتە ئون ئىككى ياشتا ئىدى. راھىب بىلەن بىر قانچە مىنۇت داۋام قىلغان ئۇچرىشىشتا بۇ كىچىك بالا قانداقسىگە پۈتۈن بىر دىنىنىڭ مەزمۇنىدىن تولۇق خەۋەردار بولالايدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە راھىب بۇھەيرى تىجارەتچىلەر كارۋانلىرىدىن نېمە ئۈچۈن مەخسۇس بۇ كىچىك بالىنى تاللاپ ئۇنىڭغا خرىستىئان دىنىدىن تەلىم بېرىشكە قىزىقىپ قالىدۇ؟ يەنە كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېمە ئۈچۈن بۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشتىن كېيىن ئوتتۇز يىل ئۆتكەندە ئاندىن ئۆزىنىڭ دەۋىتىنى جاكارلايدۇ؟

بۇ قىسسىنىڭ جەريانلىرى ئەقىلگە سىغمايدىغان بولۇپ، ئۇنى مەقبۇل كۆرۈش لايىق كەلمەيدۇ، شۇڭا بەزى غەرب شەرقشۇناسلىرى بۇ قىسسىنى تامامەن ئىنكار قىلىپ، ئۇنى ئويدۇرۇلغان، دەپ قارىماقتا. شەرقشۇناس ھورت بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ. ”شۇ ۋاقىتلاردىن بىرى تېپىلغان، نەشر قىلىنغان ۋە تەتقىق قىلىنغان ئەرەب يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار بۇ سۆزىيىلىك راھىبقا قەيت قىلىنغان قىسسىنىڭ پەقەتلا بىر خىل خىيالىي ھادىسە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ“.

3. «قۇرئان كەرىم» باشقا جىمى ساماۋى دىنلارغا ئوخشاش بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسىنى پەقەت بىردىن بىر ئاللاھ ياراتقان دەپ ئىمان ئېيتىشقا ھەمدە ھەممىنىڭ ئاخىرىدا ئاللاھقا قايتىدىغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بۇ جەھەتتە «قۇرئان كەرىم» باشقا ساماۋى دىنلارنىڭ قاراشلىرى بىلەن بىرلىشىدۇ. چۈنكى بۇ ساماۋى دىنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنبەسى بىر، يەنى ئۇلار بىردىن بىر ئاللاھدىن ئاپىرىدە بولغان بولۇپ، ئۇلار ئەقىدىنىڭ نېگىزىدە ئىختىلاپلىشىشى مۇمكىن ئەمەس. ھالبۇكى، «قۇرئان كەرىم» خرىستىئان ۋە يەھۇدىي دىنلىرىدىكى بىر مۇنچە ئېتىقادلارغا رەددىيە بەرگەن. ئۇنداق ئىكەن قانداقسىگە يەنە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام خرىستىئان ۋە يەھۇدىي دىنلىرىدىن ئۆزىگە ئاساس تىكلىگەن دېگىلى بولسۇن؟ بۇ مەسىلىدە ھېچقانداق ئىختىلاپنىڭ ياكى ئەقلىي ئاساسىي ئەقىدىلەردە (ئەگەر بۇ خىل تەبىر توغرا كۆرۈلسە) ئىختىلاپلارنىڭ بولمىغىنى تېخىمۇ مۇۋاپىق ئەمەسمۇ؟

4. «قۇرئان كەرىم»دە بۇنىڭدىن 14 ئەسىر ئىلگىرىلا بايان قىلىنغان بەزى ئىلمىي پاكىتلار پەقەت يېقىنقى زامانىدىلا يەنى 20-ئەسىردىن باشلاپ، پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئاندىن كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى. مەسىلەن، قۇرئاندا بالىنىڭ ئانا قورسىقىدىكى يېتىلىش جەريانلىرى، بالىياتقۇ ئىچىدىكى ھامىلىنىڭ ئەھۋالى(23-سۈرە، 14-ئايەت؛ 7-سۈرە 172-ئايەت)، قۇياش، ئاي يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكىتى، شامال، يامغۇر، بۇلۇت قاتارلىقلارنىڭ شەكىللىنىشى(75-سۈرە، 56-ئايەت؛ 47-سۈرە، 51-ئايەت) بايان قىلىنغان. ئۇنداقتا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇنداق چوڭقۇر ئىلىملەرنى نەدىن ئۆگىنىپتۇ؟ ئۇنىڭ بۇ ئىلىملىرى خرىستىئان ۋە يەھۇدىي دىنلىرىدىن كەلگەن دېگەن قاراشنى ھېچكىم دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. چۈنكى بۇ ئىككى ساماۋى دىندا بۇ توغرۇلۇق ھېچقانداق بىر مەزمۇن بايان قىلىنغىنى يوق. ئۇنداقتا، بۇ ئىلىملەرنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش ساۋاتسىز ئۇممىي ئادەم مەيدانغا ئېلىپ كەلگەن دېيىش ئەقىلگە ھەرگىزمۇ سىغمايدۇ.

بارلىق رېئال پاكىتلارنىڭ ھەممىسى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىلاھىي مەنبەدىن كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇكى، ئۇ ھەرگىزمۇ ئىنساننىڭ ۋاستىسى بىلەن ۋۇجۇدقا چىققان ئەمەستۇر.

**ئىككىنچى، «قۇرئان كەرىم» باشقا دىنلارنىڭ كىتابلىرىدىن ئېلىنىپ تۈزۈلگەنمۇ؟**

1. ئەگەر «قۇرئان كەرىم» باشقا دىنلارنىڭ كىتابلىرىدىن ئېلىنىپ تۈزۈلگەن بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا زاماندىش بولغانلار ۋە ئۇنىڭغا قارشى چىققانلار ھەر قايسى جەھەتلەردىن باھانە تېپىپ بولسىمۇ ئۇنىڭغا رەددىيە قىلىپ تۇرغان بولاتتى، ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار ھەر جەھەتتىن ئۇنىڭغا تۆھمەت چاپلىغان يەردە، بۇنىڭغا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشلىرى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ۋەھالەنكى، ئۇلار ئۇنى پەقەتلا ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى بولمىغان ئومۇملۇققا ئىگە سۆزلەر ئارقىلىق ھاقارەتلەش بىلەن چەكلەندى. بىز يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك، «قۇرئان كەرىم» ئۇلارنىڭ بۇ خىل دەلىل-ئىسپاتسىز مۇددىئالىرىغا ئەجەللىك زەربە بېرىپ رەددىيە قايتۇرغاندى.

2. «قۇرئان كەرىم» ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلاردا بىكىر قىلىنمىغان شەرىئەت ھۆكۈملىرى ۋە تەلىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇنىڭدا ئىلگىرىكى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋاللىرى بايان قىلىنغان، بىزگە غايىب ھېسابلىنىدىغان ئىشلارنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا يۈز بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا بېشارەت بېرىلىپ، بۇ بېشارەتلەر كېيىن ئەينەن ھالەتتە ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان. مەسىلەن «قۇرئان كەرىم»دە زىكىر قىلىنغان رىم بىلەن پارسلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسى بۇ يەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ياكى ئۇنىڭ قەۋمى ۋە ياكى ئىلگىرىكى دىندىكىلەرنىڭ ھېچ قايسىسى بىلمەيتتى.

3. «قۇرئان كەرىم» ئىلىم تەھسىل قىلىشقا، ئەقىل ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلەشكە، شۇنداقلا ئەقىل-پاراسەتنى ئىشلىتىشكە ئۈندەيدۇ. بۇ ئەمر-پەرمانلارنىڭ تۈرتكىسىدە مۇسۇلمانلار ناھايىتى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئىلگىرىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئورنىنى بېسىپ يېڭى بىر مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىپ، ئۇنى ئۇزۇن ئەسىرلەرگىچە روناق تاپقۇزغان. ئەگەر قۇرئان بۇ مەدەنىيەتلەرنى باشقا دىنلاردىن قوبۇل قىلغان بولسا، بۇ دىنلارنىڭ كىتابلىرىدا نېمە ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك ئەمر-پەرمان ۋە تەلىماتلار بايان قىلىنمىغان ۋە ئۆز رولىنى خۇددى ئىسلام دىنىدەك جارى قىلدۇرالماي قالغان؟

4. «قۇرئان كەرىم»دىكى ئەقىدە-مىزان، قائىدە-تۈزۈم، ئۇسلۇب ۋە تەلىملەرنىڭ ھەممىسى بىر-بىرىنى باغلاپ تۇرىدۇ. ناۋادا ئۇ باشقا دىنلاردىكى كىتابلاردىن كۆچۈرۈلۈپ كېلىنگەن بولسا، ئۇ چاغدا ئۇلار مەنبەنىڭ خىلمۇ-خىل بولۇشى بىلەن پارچە-پۇرات، ئۆزئارا زىتمۇزىت ۋە مۇئەييەن بولمىغان بولاتتى. ھالبۇكى، «قۇرئان كەرىم» دائىم ئەقىلگە بىۋاسىتە خىتاب قىلىدۇ، ھەر خىل ئەپسانىلىك ۋە خۇراپاتلىقتىن يىراق تۇرىدۇ، ھەر ئىشتا دەلىل-ئىسپاتقا تايىنىدۇ، مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلارنىڭ دەلىل كەلتۈرۈپ سۆزلەشلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: " **'ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، دەلىلىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار' دېگىن"** {سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 111-ئايەت}. قۇرئاندىكى بۇ خىل خىتاب قىلىش ئۇسلۇبى ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان يېڭى بىر خىل ئۇسلۇب بولۇپ، بۇ خىل ئۇسلۇب باشقا دىنلارنىڭ كىتابلىرىدا زادى كۆزگە چېلىقمايدۇ.

5. «قۇرئان كەرىم» جاھىلىيەت دەۋرىدىكى مەدەنىيەتتىن پايدىلانغان ھەم ئۇنىڭغا ئاساسلانغان دېگۈچىلەرگە قارىتا شۇنداق دېيەلەيمىزكى، ئىسلام دىنى جاھىلىيەتنىڭ بارلىق بىھۇدە-ناھەق ئەقىدىلىرى ۋە يامان ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھەقىقىي ئەقىدىنى، گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەتنى ۋە ياخشى ئۆرپ-ئادەت ئەنئەنىلىرىنى ئېلىپ كەلگەن. ئىسلام دىنى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى مەدەنىيەتلەردىن زادى نېمىنى قوبۇل قىلغان ئىكەن؟

**ئۈچىنچى، «قۇرئان كەرىم» ھەقىقەتەن يېڭىلىق ئېلىپ كەلمىگەنمۇ؟**

ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى مەقسەت-مۇددىئالىرىدىن تۆۋەندىكىلەرگە ئىشارەت قىلغىلى بولىدۇ.

1. «قۇرئان كەرىم» ئىلگىرىكى ئەھلى كىتابلار ئۇقمىغان بىر مۇنچىلىغان خەۋەرلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. مەسىلەن، قۇرئان زەكارىيەنىڭ قىسسىسى، بۈۋى مەريەمنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە زەكارىيەنىڭ ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىشى توغرىسىدا تەپسىلاتى بىلەن بايان قىلىدۇ. بۈۋى مەريەم توغرىسىدا نۇرغۇن بايان قىلىپ، ئۇنىڭغا مەخسۇس بىر سۈرىنى

تەيىنلەيدۇ، بۇ ئەھۋال باشقا كىتابلاردا مىسلى كۆرۈلۈپ باققان ئەمەس. ئۇنداقتا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ مەلۇماتلارغا نەدىن ئېرىشكەن؟

2. «تەركى مىسىر»دا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى فىرئەۋننىڭ قىزى تەربىيلىگەن دەپ يېزىلغان، ھالبۇكى، «قۇرئان كەرىم» مۇسا ئەلەيھىسسالامنى فىرئەۋننىڭ ئايالى تەربىيلىگەن دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، «تەركى مىسىر»دا يەنە بەنى ئىسرائىللار چوقۇنغان موزاينىڭ ھارۇننىڭ قولىدىن ياسالغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. ھالبۇكى، «قۇرئان كەرىم» ئۇنى سامىرىيغا نىسبەتلەپ، ھارۇن توغرىسىدىكى قەۋللەرنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنى ئاقلايدۇ(«قۇرئان كەرىم» 7-سۈرە، 150-ئايەت ۋە 20-سۈرە، 85-ئايەتكە قاراڭ).

3. ئەگەر «قۇرئان كەرىم» ئىنجىلدىن پايدىلانغان دېيىلگەندە، ئۇ نېمە ئۈچۈن خرىستىئانلارنىڭ ئاساسلىق ئەقىدىسىدىن بولغان ئۈچلۈك خۇدا تەلىماتىنى قوبۇل قىلمىغان؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلام دىنى نېمە ئۈچۈن خرىستىئانلار ئېتىقاد قىلىدىغان ئىسانىڭ سەلىبكە مىخلانغانلىقى، ئۇنجى گۇناھنى يۇيۇش ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغانلىقى ھەمدە ئىسانىڭ ئىلاھلىقى توغرىسىدىكى ئەقىدىلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ؟

4. «قۇرئان كەرىم» بارلىق پەيغەمبەرلەر ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتلەرنىڭ نەمۇنىلىرى دەپ تەكىتلەيدۇ، ئەمما «ئەھدى قەدىم» (تەۋرات) ئۇلارنىڭ بەزىلىرى گۇناھى كەبىرنى سادىر قىلغان دەيدۇ. بۇ، ئىسلام دىنى نەزىرىدىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ بۈيۈك مەرتىۋىسىگە ھېچ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

5. «قۇرئان كەرىم»دە بەلگىلەنگەن ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج ئىبادەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئادا قىلىنىش ئۇسۇللىرى توغرىسىدىكى تەپسىلاتلارنى باشقا ھېچقانداق دىنلاردا ئۇچراتقىلى ۋە ئۇلار بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ھەر كۈنى ئادا قىلىنىدىغان بەش ۋاخ ناماز مۇئەييەن ئۇسۇل، مۇئەييەن ۋاقىت ۋە مۇئەييەن شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھەر يىلدىكى رامىزان روزىسىدا سۈبھى تاڭ يورۇغاندىن تارتىپ كۈن پاتقىچە بولغان ئارىلىقتا يېمەك-ئىچمەك ۋە بارلىق شەھۋانىي ھەۋەسلەردىن چەكلىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ. زاكاتمۇ ھەر كىشىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، ئۇنىڭ ئادا قىلىنىش ئۇسۇللىرى، مىقدارى ۋە تۈرلىرى ئوخشىمايدۇ. ھەجدە تاۋاپ قىلىش، ئەرافاتتا ۋۇقۇف قىلىش، سەفا-مەرۋا ئارىلىقىدا سەئيى قىلىش ۋە شەيتانغا تاش ئېتىش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ پەرز-ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىدا ئالاھىدە نامايان بولغان ئەمەل-ئىبادەتلەردۇر. ئەگەر ئىسلام دىنى باشقا دىنلارنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان دېيىلگەندە، بۇ ئەمەل-ئىبادەتلەر نېمە ئۈچۈن شۇ دىنلاردا نامايان بولماي قالغان؟

**ئۈچىنچى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ رەتلىنىپ كىتاب بولۇپ شەكىللىنىشى ئۇنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسىگە شەك-شۈبھە ئېلىپ كېلەمدۇ؟**

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ساھابىلىرىدىن مەخسۇس ئادەملەرنى تاللاپ، ئۆزىگە ۋەھيى بولۇپ نازىل بولغان «قۇرئان كەرىم» سۈرە-ئايەتلىرىنى خاتىرىلەتكۈزگەن. ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا ئۆزلىرىگە تېپىلغان نەرسىلەر، يەنى قوي تېرىسى، دەرەخ قاسىرىقى، كالا تېرىسى، تاش پارچىسى ۋە سۆڭەكلەر قاتارلىق نەرسىلەر ئۈستىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتىپ بەرگەن ئىلاھىي ۋەھيىلەرنى يېزىۋالاتتى. ئىسلامىي مەنبەلەردىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۆز ۋاقتىدا ۋەھيى كاتىپلىرى 29 كىشىگە يەتكەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇرلىرىدىن تۆت چوڭ خەلىپە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم قاتارلىقلار، شۇنىڭدەك، ساھابىلەردىن مۇئاۋىيە، زۇبەير ئىبنى ئاۋۋام، سەئىد ئىبنى ئاس، ئامر ئىبنى ئاس، ئۇبەي ئىبنى كەئب ۋە زەيد ئىبنى سابىت قاتارلىقلار بار ئىدى.

2. ئۇ چاغلاردا ۋەھيى كاتىپلىرىدىن سىرت يەنە «قۇرئان كەرىم»نى تولۇق ياد ئېلىپ ئوقۇيالايدىغان ھافىزلارمۇ بار بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»نى پۈتۈن ياد ئېلىپ ئوقۇشتىن ئىبارەت بۇ خىل ئادەت تا ھازىرقى كۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىدا «قۇرئان كەرىم»نى تىلاۋەت قىلىدىغان ۋە ئۇنى تولۇق ياد ئېلىپ ئوقۇيالايدىغان قارى-ھافىزلارنىڭ سانى بىر نەچچە يۈزگە يېتەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئۆزىنىڭ ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىدا قۇرئاننى بىر قېتىم ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلىش ئالدىدا قۇرئاننى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدىن ئىككى قېتىم ئۆتكۈزگەن بولۇپ، قۇرئاننى شۇ ۋاقىتتىكى ھافىز-قارىلارنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇرغانىدى. شۇندىن ئېتىبارەن قۇرئاندىكى ھەر بىر سۈرە-ئايەتلەر

رەسۇلۇللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تەرتىپكە سېلىنىپ رەتلەنگەنىدى.

3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلىپ بىر يىلدىن كېيىن، بىرمۇنچىلىغان ھافىز-قارىيلار يەمامەدە مۇسەيلىمەتۇل كەززاب بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساھابە زەيد ئىبنى سابىتنى «قۇرئان كەرىم» سۈرە-ئايەتلىرىنى جەمئىي قىلىپ رەتلەپ چىقىشقا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ ھەمدە بۇ يۈكسەك ۋەزىپىنىڭ مۇكەممەل ئادا قىلىنىشى ئۈچۈن بىر يۈرۈش قائىدە-تۈزۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، يەنى قۇرئاندىكى ھەر بىر ئايەتنى يېغىشتا ئىككى ئادەمنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغزىدىن ئەينەن ئاڭلاپ يېزىۋالغان بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئۇلۇغ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن قۇرئاننى ياد ئېلىپ ئوقۇيالايدىغان ساھابىلەرنىڭ ياردىمىگە تەبىئىي ھالدا مۇھتاج بولىدۇ. ئۇ بۇ ئۇلۇغ مۇھىممەتنى تولۇق ئادا قىلغاندىن كېيىن مۇكەممەل نۇسخىلىق قۇرئاننى ئەبۇ ەكرىگە سۇنىدۇ، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئاللاھنىڭ ەرگاھىغا سەپەر قىلىشتىن بۇرۇن، بۇ قۇرئان نۇسخىسىنى ھەزرىتى ئۆمەرگە ساقلاشقا تاپشۇرىدۇ، ھەزرىتى ئۆمەر كېيىن ئۇنى يەنە قىزى ھەفسەگە تاپشۇرۇپ ساقلىتىدۇ.

4. ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولغاندىن كېيىن، زەيد ئىبنى سابىت قاتارلىق تۆت نەپەر ۋەھيى خاتىرىلىگۈچى ساھابىدىن تەشكىل تاپقان بىر ھەيئەتنى تەسىس قىلدۇرىدۇ. بۇ ھەيئەت مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىدا ساقلىنىپ تۇرغان قۇرئان نۇسخىسىغا تايىنىپ قۇرئاننى يەنە بەش نۇسخا قىلىپ كۆچۈرۈپ كىتاب شەكلىگە كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇلارنى قۇرئاننىڭ ئۆلچەملىك نۇسخىسى سۈپىتىدە ئايرىم-ئايرىم ھالدا مەككە، مەدىنە، بەسرە، كۇفە ۋە دەمەشققە بىردىن ئەۋەتىدۇ. زەيد ئىبنى سابىت قاتارلىق تۆت ساھابە كۆچۈرۈپ چىققان بۇ بەش نۇسخا قۇرئاننى رەسۇلۇللاھ ھايات ۋاقتىدا ياشىغان ھافىز-قارىيلار مۇكەممەل تەكشۈرۈپ كۆزدىن ئۆتكۈزگەنىدى. ھازىر ئىسلام دۇنياسىدىكى جىمى ئىسلام پىرقە-مەزھەپلىرىنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ئورتاق قوللىنىپ كېلىۋاتقان «قۇرئان كەرىم» دەل ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن قۇرئاننىڭ ئۆلچەملىك نۇسخىسى ئىدى.

14 ئەسىردىن بۇرۇن شەكىللەنگەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۆلچەملىك كىتاب نۇسخىسى تا ھازىرغىچە قەدەر قوللىنىلىپ كېلىنىۋاتقان بولۇپ، بۇنىڭغا ھېچبىر مۇسۇلمان شەك-شۈبھە كەلتۈرۈپ باققان ئەمەس. بۇنى ھەتتا لىبلۇۋېس ۋە مويىر قاتارلىق بىرمۇنچىلىغان شەرقشۇناسلار بىردەك پىكىردە بولۇپ تەستىقلايدۇ. گېرمانىيىنىڭ ھازىرقى زامان شەرقشۇناسى رودى پارتې ئۆزى تەرجىمە قىلغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ نېمىسچە تەرجىمىسىگە ئىلاۋە يېزىپ مۇنداق دەيدۇ: "مۇھەممەدتىن كېيىن بىرەر كىشىنىڭ قۇرئانغا بىرەر مەزمۇن قوشقانلىقى ياكى ئۇنىڭدىن بىرەر مەزمۇننى ئېلىپ تاشلىغانلىقى ھەققىدە سۆز ئېچىشىمىزغا ھېچقانداق ئىمكانىيەت يوق".

ھەزرىتى ئوسمان بىرلىككە كەلتۈرگەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۆلچەملىك نۇسخىسىغا مۇخالىپ كەلگەن بىرمۇ نۇسخا قۇرئاننىڭ بارلىقى ئىسپاتلانغىنى يوق. ئەگەر بەزى ساھابىلاردا ئۇندىن غەيرىيسى بولغان بولسا ئۇنى مۇقەررەر ھالدا ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىپ، بۇ ئۆلچەملىك نۇسخىدىكى قۇرئان بىلەن سېلىشتۇرۇپ رىقابەتلەشكەن بولاتتى. ھالبۇكى، بۇ خىل ئەھۋال ئىسلام تارىخىدا ھېچ يۈز بېرىپ باققىنى يوق. ھەتتا مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئىسلام دىنىدىن ھالقىپ چىققانلار دەپ قارالغان ھازىرقى زاماندىكى ئەھمەدىيەلەرمۇ مۇسۇلمانلار قوللىنىپ كېلىۋاتقان «قۇرئان كەرىم»نى ھېچقانداق زىيادە ياكى كەم قىلماي قوللانماقتا.

5. ئەمما باشقىلارنىڭ ساھابە ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۈرە «فاتىھە» بىلەن مەئۇزەتەينى (سۈرە «فەلەق» بىلەن سۈرە «ناس»نى) قۇرئاننىڭ تەركىبىدىن ئەمەس، دېگەن دېيىشلىرى توغرىسىدا شۇنداق دېيەلەيمىزكى، ئۇنىڭ بۇنداق دېگەنلىكى ئۈستىدە ھېچقانداق پاكىت تېپىلغىنى يوق، كۆپچىلىك ئىشەنچلىك ئۆلىمالار ئىبنى مەسئۇدنى بىگۇناھ دەپ قاراپ، ئۇنى ئۇلارنىڭ چاپلىغان دەلىلسىز بۆھتان-ئاھانەتلىرىدىن ئاقلايدۇ. ئىمام فەخرۇددىن رازى، قازى ئەبۇ بەكرى، ئىمام نەۋەۋى، ئىمام ئىبنى ھەزىم ۋە ئىمام باقىلانى قاتارلىق مۆتىۋەر ئۆلىمالار ئۇلارنىڭ بۆھتانلىرىغا ئەجەللىك رەددىيە قايتۇرغان. ئىسلام تارىخىدىمۇ ئىبنى مەسئۇدقا چاپلانغان بۇ ناتوغرا قاراشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشەنگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ رىۋايەت قىلىنغانلىقىنى كۆرەلمەيمىز.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

**بىرىنچى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنى يالغۇز ئەرەبلەرگىلا ئېلىپ كەلگەنمۇ ياكى پۈتۈن ئىنسانلارغا ئېلىپ كەلگەنمۇ؟**

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام دەۋىتىنى ئىنسانلارغا تۈنجى قېتىم ئوچۇق-ئاشكارا جاكارلىغاندا مۇنداق دېگەن: "**مەن سىلەرگە ھەم پۈتۈن ئىنسانلارغا ئومۇمىي بولۇپ ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلدىم**". بۇ «ھەدىس شەرىف»نىڭ مەنىسى شۇكى، ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىلا پۈتۈن ئىنسانىيەتكە خۇش خەۋەر بىلەن بېشارەت بەرگەن. بۇ جەھەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچبىر ۋاقىت ئىسلامنىڭ ئەرەبلەرگە خاس دىن بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ باققان ئەمەس، ئەكسىچە، بۇ دىنىنىڭ پۈتۈن ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان ئالەمىي دىن ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. رەسۇلۇللاھنىڭ: "**ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ئۆز قەۋملىرىگە خاس بولۇپ ئەۋەتىلگەن، مەن بولسام پۈتۈن ئىنسانلارغا ئومۇمىي بولۇپ ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلدىم**" (بۇخارى رىۋايەت قىلغان) دېگەن ھەدىسى بۇ يەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

2. «قۇرئان كەرىم»نىڭ سۈرە-ئايەتلىرىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، قۇرئاننىڭ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. قۇياشتەك روشەن بولغان بۇ ئالەمىي پاكىت «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەككىدە نازىل بولغان سۈرە-ئايەتلىرىدە ئېنىق نامايان بولغان: "**(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق**" {سۈرە «ئەنبىيا»، (21-سۈرە) 107-ئايەت}. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن ئىلگىرى مەككىدە نازىل بولغان فاتىھە سۈرىسىنىڭ: "**جىمى ھەمدۇ-سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر**" دېگەن ئايىتىمۇ مۇسۇلمانلار مەدىنىدە دۆلەت قۇرۇشتىن بۇرۇن نازىل بولغان.

3. يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نىشان-مەقسەتلىرىدە ئەسلا ئۆزگىرىش بولۇپ باققان ئەمەس، بەلكى ئۇ زات ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تۈرگۈزۈشتا تەدرىجىي يۈكسىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. بۇ ناھايىتى تەبىئىي ھەم مەنتىقىي بىر ئۇسۇلدۇر. ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن ئۆرپ-ئادەتلەرنى بىر يولىلا ئەمەلدىن قالدۇرۇپ يوقىتا چىقىرىش ئەقىلگە ھەرگىزمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇڭا، ئىسلام دىنى ئىنسانلار قەلبىگە ئالدى بىلەن ئىسلام ئەقىدىسىنى چوڭقۇر سىڭدۈرۈشنى مەركەزلىك تۇتۇپ، بۇ ئارقىلىق ئەقىلنى ئەقىدە بىلەن مۇستەھكەملىگەن، ئاندىن شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تەتبىقلاشقا ئاساس سالغان ھەمدە ئىنسانلار ئادەتلەنگەن ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشنىڭ چارە-تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئىسلام دىنى تۈرگۈزۈلگەن شەرئىي ھۆكۈملەرنى مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن تەتبىقلىغان بولۇپ، بۇنىڭغا ھاراق ۋە رىبا قاتارلىقلارغا تەدرىجىلىك ئۇسۇل قوللىنىلىش بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىپ ئاخىرى ئۇلارنىڭ قەتئىي ھارام قىلىنىشى روشەن مىسال بولالايدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ مەككىدىكى دەۋەت باسقۇچى ئەقىدىنى ئىنسان قەلبىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇش باسقۇچى بولۇپ، مەدىنىدىكى باسقۇچى بولسا شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى تەدرىجىي تۈرگۈزۈش باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئىسلام ئەقىدىسى ئىنسان قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقاندىلا ئاندىن شەرىئەت ئەھكاملىرى ئۈستىدە سۆز ئاچقىلى ھەم ئۇنىڭغا ياخشى شارائىت ھازىرلىغىلى بولاتتى.

**ئىككىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر نەچچە خوتۇننى نىكاھىغا ئېلىشتىكى سەۋەبى نېمە؟**

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەدىچە خانىم بىلەن 25 ياش ۋاقتىدا ئۆيلەنگەن بولۇپ، خەدىچە خانىم ئۇ ۋاقىتتا 40 ياشقا كەلگەن تۇل خوتۇن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن نىكاھلىنىشتىن بۇرۇن ئىككى قېتىم ياتلىق بولغانىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يالغۇز ئۇنىڭ بىلەن 28 يىل تۇرمۇش كەچۈرۈپ تاكى ئۇ ۋاپات بولغىچە يالغۇز ئۇنىڭ بىلەنلا ئۆي-ئوچاقلىق بولغانىدى. رەسۇلۇللاھ تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى پەيتىگىچە خەدىچە خانىمنى ئەسلەپ تۇردى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇنىڭغا بولغان چىن ئىخلاسى ھەتتا ئۇنىڭ كېيىنكى ئاياللىرىنىڭ خەدىچە خانىمنى زور

دەرىجىدە كۆنلىشىگە سەۋەب بولغانىدى.

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى تەرجىمىھاللىرىدىن ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ زات ھەرگىزمۇ شەھۋانىي ھەۋەسكە بېرىلىدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى. ئەللىك ياشقا كىرىپ قالغان ئادەم قانداقسىگە تۇساتتىنلا جىنسىي ھەۋەسنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىشى ئاستىدا قالىدىغان بولىدۇ؟ ئۇ زات باشقا ياشلارغا ئوخشاش ياش ۋاقتىدا بۇ خىل لەززەت-ھالاۋەتتىن بەھرىمەن بولۇش پۇرسىتىگە پۈتۈنلەي ئىگە بولالايتتى — ئەگەر شۇ خىل خاھىشقا بېرىلگەن بولسا —، لېكىن ئۇ زات ئۆزىنىڭ ئىپپەت-نومۇسىنى بۇ قىلمىشلاردىن يىراق تۇتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئىچىدە قىز ئاياللاردىن پەقەتلا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بولۇپ، قالغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تۇل ئاياللار ئىدى. ئۇ زاتنىڭ بۇ ئاياللارنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىشى پۈتۈنلەي ئىنسانىي پەزىلەت ياكى شەرئىي مەقسەت بىلەن بولغان بولۇپ، ھېچبىرى مۇتلەق ھالدا شەھۋانىي ھەۋەسنى قاندۇرۇش مەقسىتىدە بولمىغانىدى.

3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 50 ياشقا كىرگەندە ئۆزىنىڭ ساھابىسىدىن تۇل قالغان سەۋدە بىنتى زەمئە بىلەن ئۆيلەندى. ئۇ زات بۇ تۇل ئايال بىلەن ئۆيلىنىشتە ئۇنىڭ ھۆسنى جامالى، مال-مۈلكى ياكى مەرتىۋىسىنى كۆزلىمەستىن، ساھابىسى ئائىلىدىكىلىرىنىڭ ئىسلام دەۋىتى يولىدا بەرداشلىق بەرگەن جەبىر-جاپالىرىغا ئېتىبار بېرىشىنى مەقسەت قىلغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇۋى ئائىشە ۋە ھەفسەنى نىكاھىغا ئېلىشى بولسا، ساھابىسى ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرگە بولغان كۈچلۈك دوستلۇق ئالاقىسىنى نامايان قىلىشى ئۈچۈن بولغانىدى.

4. ئۇ زاتنىڭ ئۇممۇ سەلەمەنى نىكاھىغا ئېلىشىدىكى سەۋەبى، ئۇممۇ سەلەمەنىڭ ئېرى ئۇھۇد غازىتىدا قاتتىق يارىلانغان بولۇپ، ياشانغانلىقىدىن داۋالىنىش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كەتكەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ سەلەمەگە ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇنى ئۆز ئەمرىگە ئالماقچى بولغىنىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ قېرىپ قالغىنىنى بىلدۈرۈپ بۇ نىكاھقا ئۆزرە سورايدۇ. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ ئىنسانىي ئالىيجاناب پەزىلەت بىلەن ئۇنى نىكاھىغا ئالىدۇ.

رەملە بىنتى ئەبى سۇفيان بولسا، ئەينى ۋاقىتتا ئېرى بىلەن ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان بولۇپ، ئېرى ئۇ يەردە خرىستىئان دىنىغا كىرگەن ھەمدە ئۇنى ئۆز ئىلكىدىن ساقىت قىلىپ تەرك ئەتكەن. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ نەجاشىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، رەملە خانىمنى يات يۇرتتىكى غۇربەتچىلىكتىن ھەمدە مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ جەبىر-زۇلۇملىرىدىن ئازات قىلغان. ئۇ خانىم ئۆز ۋاقتىدا دىن يولىدا مەككىدىن ئايرىلىپ ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رەملەنى نىكاھىغا ئېلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ مەككىدە يۇقىرى نوپۇزغا ئىگە بولغان دادىسىنى ئىسلام دىنىغا مايىل قىلدۇرۇشنى ئارزۇ قىلغانىدى.

جۇۋەيرە بىنتى ھارىس بولسا بەنى مۇستەلەق غازىتىدا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ئايال ئەسىرلەرنىڭ بىرى ئىدى، ئۇنىڭ دادىسى ئۆز قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۇۋەيرە خانىم بىلەن ئۆيلەنگەندىن كېيىن ئۇنى ئەسىرلىكتىن ئازاد قىلىدۇ، بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ساھابىلىرىنىڭمۇ ئۆز ئىلكىدىكى ئەسىر ئاياللارنى ئازاد قىلىشلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ.

سەفىييە خانىم يەھۇدىيلاردىن بولۇپ، ئۇ سەييىد بەنى قۇرەيزەنىڭ قىزى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىش ئالدىدا ئۇنىڭغا يا ئۆز ئەھلىگە قايتىش، يا ئازادلىققا ئېرىشىپ رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمرىگە ئۆتۈشنىڭ بىرىنى تاللاش ئەركىنلىكىنى بېرىدۇ. سەفىييە خانىم چىن كۆڭلى بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىدا قېلىشنى تاللاپ، ئۆز ئەھلىگە قايتىشتىن باش تارتىدۇ.

5. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زەينەب بىنتى جەھش بىلەن ئۆيلىنىشى(ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ھاممىسىنىڭ قىزى ئىدى) شەرىئەت ھۆكمىنى نامايان قىلىش مەقسىتىدە بولغانىدى. زەينەب ئەسلى زەيد ئىبنى ھارىسەنىڭ خوتۇنى ئىدى، زەيدنى رەسۇلۇللاھ بالىسى قىلىۋالغانىدى، زەينەب خانىم كېيىن ئۇنىڭدىن ئايرىلىدۇ. ئەرەبلەرنىڭ شۇ چاغدىكى ئۆرپ-ئادىتى بويىچە، ئۆزىنىڭ بالىسى قىلىۋالغان ئوغلىنىڭ قويۇپ بەرگەن ئايالىنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى. رەسۇلۇللاھ زەينەب بىلەن ئۆيلىنىش ئارقىلىق ھېچقانداق ئاساسى بولمىغان بۇ خىل چەكلىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق ئىشارەت قىلىنغان: **"مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ بالا قىلىۋالغان ئوغۇللىرىنىڭ قويۇپ بەرگەن خوتۇنلىرىنى نىكاھلاپ ئالسا گۇناھ بولماسلىقى ئۈچۈن، زەينەبنى زەيد قويۇۋەتكەندىن كېيىن ساڭا نىكاھلاپ بەردۇق، ئاللاھنىڭ (سېنىڭ زەينەبنى ئېلىشىڭ توغرىسىدىكى)**

**ئەمرى چوقۇم ئورۇنلىنىدۇ"** {سۈرە«ئەھزاب» (33-سۈرە)، 37-ئايەت}.

**ئۈچىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈننىتىنىڭ سەھىھلىك دەرىجىسى زادى قانچىلىك؟**

غەرب ئەللىرىدىكى بىر قىسىم ئىسلام تەتقىقاتچىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈننىتىنىڭ سەھىھلىكىگە شەك-شۈبھە كەلتۈرىدۇ. شەرقشۇناس گولدزىدھېر بۇ سۈننەتلەرنى مۇسۇلمانلار ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ئىختىرا قىلىۋالغان، دەپ قارايدۇ. بىز بۇ شۈبھىلەرگە قارىتا تۆۋەندىكىدەك رەددىيە قايتۇرىمىز:

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ئىسلام دىنىنىڭ «قۇرئان كەرىم»دىن قالسىلا ئىككىنچى مەرتىۋىدە تۇرىدىغان ئاساسلىق مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. قۇرئانىي ۋەھيىلەرگە ئىزاھات بېرىش ۋە شەرھلەش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە ئېنىق ئەمر بېرىلگەن. قۇرئانىي ۋەھيىلەرنى ئىزاھلاشنىڭ ئۆزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بولۇپ، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ سۆز-ھەرىكىتى ۋە تەقرىرلىرى ئارقىلىق نامايان بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەشھۇر "ۋىدالىشىش ھەجى"دە مۇھىم خۇتبە سۆزلەپ مۇسۇلمان جامائەسىگە ئۆزىنىڭ سۈننىتىنى مەھكەم تۇتۇشنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەنىدى، بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: **"مەن سىلەرگە ئىككى ئەمگۈشتەرنى قالدۇردۇم، ئۇنى چىڭ تۇتساڭلار مەڭگۈ ئادىشىپ قالمايسىلەر، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھنىڭ كىتابى (قۇرئان) ۋە مېنىڭ سۈننىتىمدۇر"** (ھاكىم رىۋايەت قىلغان).

2. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىسبەت قىلىنغان بىر مۇنچىلىغان مەۋزۇ ھەدىسلەر ياكى ئويدۇرما ھەدىسلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلمايمىز، بۇ مەسىلىلەردىن ھەر قايسى دەۋردىكى ئىسلام ئۆلىمالىرى پۈتۈنلەي بىخەۋەر ئەمەس. شۇڭا ئۇلار ھەدىسلەرنىڭ راۋىيلىرىنى ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىپ تەكشۈرۈپ، يالغان، ئويدۇرما ھەدىسلەرنى سەھىھ ھەدىسلەر ئىچىدىن شاللاپ چىقىرىۋەتكەن. بۇ جەھەتتە «قۇرئان كەرىم» بىزگە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان تارىخىي تەنقىد پرىنسىپىنى ئىپادىلەپ بەرگەن: **"ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەرنى ئېلىپ كەلسە (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار"** {سۈرە«ھۇجۇرات» (49-سۈرە)، 6-ئايەت}. بۇ ئايەتتە كەرىمدە نامايان بولغان پرىنسىپتىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچى راۋىينىڭ ئەخلاقىنىڭ دۇرۇس بولۇش-بولماسلىقى ئۇنىڭ رىۋايىتىنىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئىشەنچلىك ئەمەسلىكىگە مۇھىم شەرت بولىدۇ. مۇسۇلمانلار بۇ پرىنسىپقا ناھايىتى زور ئېتىبار بىلەن قارىغان بولۇپ، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى رىۋايەت قىلغۇچىلار ئۈستىدە ئەمەلىي تەتبىقلىغانىدى. ھەدىس راۋىيلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان بۇ خىل تەنقىدىي مۇھاكىمە قىلىش ئۇسۇلىنىڭ نەتىجىسىدە كېيىنكى تارىخىي تەنقىد پرىنسىپى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ ۋۇجۇدقا چىققانىدى.

3. ئىسلامدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى زور ئېتىبار بىلەن قارالغانلىقتىن، ئىسلام ئۆلىمالىرى سەھىھ-مەھكەم ھەدىسلەرنى غەيرى سەھىھ ھەدىسلەردىن پەرق ئېتىش ئىشلىرىدا زور كۈچ سەرپ قىلدى. ئۇلار بۇ بۈيۈك مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن مۇكەممەل چىقىش ئۈچۈن، ھەدىس توغرىسىدا مەخسۇس بىر ئىلمنى بارلىققا كەلتۈردى. ھەدىس ئىلمىدە غەيرىينىڭ قولى تەگكەن ۋە ئۆزگەرتىلگەن ھەدىسلەر، ھەدىسنىڭ راۋىيلىرى، سەنەدىنىڭ ئۈزۈلمەي ئۇلىنىپ كېلىش-كەلمەسلىكى راۋىيلارنىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئىشەنچلىك ئەمەسلىكى توغرىسىدا تەھلىل-تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى. دېمەك، بۇلار ئارقىلىق ھەدىس راۋىيلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرى، سۆز-ھەرىكەتلىرى، ئاشكارا ۋە مەخپىي كۆرۈلگەن ئىللەتلىرى مۇھاكىمە قىلىنىپ، رەسۇلۇللاھدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ چىنلىق دەرىجىسى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە يالغاننى چاپلىغانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **"كىمكى ماڭا قەستەن يالغاننى چاپلايدىكەن، ئۇ ئادەم ئۆزىگە دوزاختىن جاي ھازىرلىسۇن"** (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

4. مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىنىڭ «ھەدىس شەرىف» ئۈچۈن كۆرسەتكەن زور تىرىشچانلىقلىرى ئۈستىدىكى ئۆلگىلىك مىساللار ناھايىتى كۆپ. ئىمام بۇخارى(810—870-يىللار) بۇ جەھەتتە بىزگە شانلىق ئۆلگە يارىتىپ بەردى. ئىمام بۇخارى پۈتۈن ھاياتىنى ھەدىس توپلاش ئىشلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلغان بولۇپ، ئۇ رەسۇلۇللاھقا نىسبەت قىلىنغان ھەدىسلەردىن يېرىم مىليونغا يېقىن ھەدىسنى توپلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بۇ ھەدىسلەر ئۈستىدە زور تەھلىل-تەتقىق ۋە ئەستايىدىل تەكشۈرۈش

ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئەڭ ئىشەنچلىك سەھىھ ھەدىسلەر دەپ قارىغان ھەدىسلەردىن 9000 ھەدىسنى خىللاپ چىققان. ئەگەر بىز 9000 سەھىھ ھەدىسلەردىن تەكرارلانغان ھەدىسلەرنى ئايرىۋەتسەك، سەھىھۇل بۇخارى ھەدىسلىرىدىن پەقەتلا 3000 ھەدىس قالىدۇ. بۇ ئىشقا باشقا ھەدىسشۇناسلارمۇ ناھايىتى ئەستايىدىل بولۇش پوزىتسىيىسىنى تۇتقان.

5. ھەدىس ئۆلىمالىرىنىڭ سەھىھ ھەدىسلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش خىزمىتىدە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، مۇسۇلمانلار بۈگۈنكى ئالتە سەھىھ ھەدىس توپلىمىغا مۇيەسسەر بولغان. ئۇلار: «سەھىھۇل بۇخارى»، «سەھىھۇل مۇسلىم»، «سۇنەن نەسەئى»، «ئەبۇ داۋۇد»، «تىرمىزى» ۋە «سۇنەن ئىبنى ماجەھ»دىن ئىبارەت. ئۇندىن باشقا ئەينى ۋاقىتتا يەنە زەئىپ ۋە مەۋزۇ ھەدىسلەر بايان قىلىنغان ئون نەچچە مىڭ كىتاب مەيدانغا چىققاندى.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىنىڭ «ھەدىس شەرىف» ئۈچۈن كۆرسەتكەن زور خىزمەتلىرى باشقا مىللەتلەردە مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان. دېمەك، بۇ جەھەتتە ئىشلارنىڭ «ھەدىس شەرىف» ئۈستىدە خالىغانچە شەك كەلتۈرۈشلىرىنىڭ ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى يوقتۇر.

**تۆتىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسلىرى ئارىسىدا قارىمۇ-قارشىلىق بارمۇ؟**

«ھەدىس شەرىف» ئۈستىدە ئوتتۇرىغا چىققان شەك-شۈبھەلەرنىڭ ئىچىدە، ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنلىرىدىمۇ قارىمۇقارشىلىق مەۋجۇت، دېيىدىغان قاراشلار ئاپىرىدە بولغان، ئۇلار بۇ خىل قاراشلارنى چىقىرىش ئارقىلىق ھەدىسنىڭ دەلىل-ئىسپاتلىق رولىنى يوق قىلىش غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان. بۇ جەھەتتە بىز ئۇلارغا تۆۋەندىكىدەك رەددىيە قايتۇرىمىز:

1. «قۇرئان كەرىم» بىزگە رەسۇلۇللاھ ئېلىپ كەلگەننى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ ئېيتىدۇكى: **"پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار"** {سۈرە «ھەشىر» (59-سۈرە)، 7-ئايەت}. يەنە ئېيتىدۇكى: **"كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ"** {سۈرە «نىسا» (4-سۈرە)، 80-ئايەت}. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ئۇ زات ئەمر قىلغان ۋە چەكلىگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، شۇڭا بىز رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدىن ھەرگىزمۇ خالىي بولۇپ تۇرالمايمىز. ئۇنداق بولمايدىكەن، بىز «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۆزىگە مۇخالىپ ئىش قىلغان بولىمىز.

2. سەھىھ ھەدىسلەرنى غەيرى سەھىھ ھەدىسلەردىن پەرقلەندۈرۈشتە ھېچقانداق قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلمەيمىز، چۈنكى مۇسۇلمان ئۆلىمالار بۇ جەھەتتە بىزگە بىر نەچچە ئەسىر بۇرۇنلا شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. بىز رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدىن ھەرگىزمۇ خالىي بولۇپ تۇرالمايمىز، چۈنكى ئۇ ئىسلامنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تۇرغۇزۇشتىكى ئىككىنچى چوڭ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. بەزى ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنلىرىدا قارىمۇقارشىلىق بار، دەپلا ئۇنىڭدىن چەتنىۋېلىشقا بولمايدۇ، بۇ خىل قارىمۇ-قارشىلىق ئەگەر ھەقىقەتەن تېپىلسا ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي ئەمەس. ھەدىسنىڭ سەھىھلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ھەدىسشۇناسلار بارلىققا كەلتۈرگەن ئىلمىي ھەدىس پرىنسىپى بويىچە راۋىيلارنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسىنى تەكشۈرۈشىمىز لازىم.

3. ھەدىس «قۇرئان كەرىم»دە بايان قىلىنغان پرىنسىپال مەسىلىلەرنى ئىزاھلاش ۋە شەرھلەش رولىنى ئوينايدۇ، ئۇنداقتا، تەسەۋۋۇرىي سەۋەبلەر بىلەنلا ھەدىستىن چەتنىۋالغىلى بولامدۇ؟ بىز مۇسۇلمانلار كۈندىلىك نامازلىرىمىزنى رەسۇلۇللاھ كۆرسىتىپ بەرگەن ئۇسۇلدا ئورۇندايمىز، ھالبۇكى، نامازنىڭ شەكىل-ھەرىكەتلىرىنىڭ تەپسىلاتى «قۇرئان كەرىم»دە ئېنىق بايان قىلىنمىغان. بىز بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللارنى ناھايىتى كۆپ ئۇچرىتىپ تۇرىمىز.

4. باشقا ساماۋى دىنلاردىكى مۇقەددەس كىتابلارنىڭ ئۇسۇل-ئۇسلۇبلىرى ھەدىسنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، غەيرى دىندىكىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ رىۋايەتلىك خەۋەرلىرىنىڭ مەزمۇنلىرىدا كۆرۈلگەن قارىمۇقارشىلىق ياكى ئىشەنچسىزلىكلىرىدىن مۇستەسنا بولالمىغان ھەمدە ئۇلارنى كۈچكە ئىگە ئەمەس دەپ قاراپ خالاس قىلىۋېتىشنى تەلەپ قىلىپ باقمىغان. رىۋايەت قىلىنغان مەلۇماتلارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە ئەقىل بىلەن مەنتىقىنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلەندى، بۇمۇ دەل مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىنىڭ بىر نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى ئېلىپ بارغان مۇھىم خىزمەتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

(ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئادىل ھاجى كېرەم؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# قۇرئان ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى

ئابابەكرى قارىي هاجى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناهايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

**"قۇرئان ئەھلى ئاللاھنىڭ ئەھلىدۇر ۋە ئاللاھنىڭ خاس كىشىلىرىدۇر"** — (ھەدىس شەرىفتىن).

ئىنسان ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ ياشىشىغا مۇۋاپىق بولغان بۇ زېمىن، يەنى بىز ياشاۋاتقان دۇنيا ئاشۇ جانلىقلار ئىچىدىكى ئەڭ ئەقىللىق، ئاللاھنىڭ ھېكمەت جەۋھىرى ئەڭ مۇجەسسەملەنگەن ئىنساننىڭ پايدا-مەنپەئەتى ئۈچۈن يارىتىلغان. ئىنسانلار بۇ دۇنيادا ئۆمۈر پاراۋۇزىنى بىخەتەر، خاتىرجەم ھەيدەپ، چەكلىك مۇددەتتە ئۆمۈر بېكىتىنىڭ ئاخىرقى مەنزىلىگە بەختلىك، خۇشال-خۇرام ھالدا يېتىپ بېرىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن ئۇلارغا ماددىي تۇرمۇشنىڭ ھەر خىل مەئىشەتلىرى، رەڭدار سەھىپىلىرى، ھۇزۇر-ھالاۋەتلىرى، ئىقتىسادىي بايلىقلىرى نەخ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا روھى ئەمىنلىك، قەلب خاتىرجەملىكى، مەنىۋى تويۇنۇش بولمىسا، ئۇلار جىسمىدىن ئىبارەت بۇ "ۋاگون"نى ئاخىرقى مەنزىلگە بىخەتەر ئېلىپ بارالمايدۇ، ئۆزلىرىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ خېيىم-خەتەرلىرىدىن ساقلاپ قالالمايدۇ. كىشىلەر "قەلب خاتىرجەملىكى"دىن ئىبارەت ئاخىرقى مەنزىلگە بىخەتەر ئېلىپ بارىدىغان بۇ يول خېتىنى ھەر خىل تەرەپلەردىن ئىزدەپ، مەنىۋىيەتكە تەسەللى تاپماقچى بولىدۇ. ئەمما ئىنساننىڭ ئەسلى تەبىئىتى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ روھىيىتىنى پەن-مەدەنىيەتمۇ قاندۇرالمايدۇ، ئۇنىڭ مەنىۋىيىتىنى ئەدەبىيات-سەنئەتمۇ قاندۇرالمايدۇ، ئۇنىڭ كۆڭلى سۇنۇقلىقىنى زىبۇزىننەت، مال-دۇنيامۇ تولغۇتالمايدۇ.

10-ئەسىرنىڭ بېشىدا ئاتۇش دىيارىدا تۇنجى ئەزان ئاۋازى ياڭرىغاندىن باشلاپ ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىپ كەلگەن خەلقىمىز ئىچىدىن نۇرغۇن كىشىلەر «قۇرئان كەرىم»نىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ، "قەلب خاتىرجەملىكى"دىن ئىبارەت يول خېتىغا ئېرىشىپ، ئاخىرقى مەنزىلگە بىخەتەر ھالدا يەتتى. بۇ سەپەر ئۇلاردىن بىزگە مىراس قېلىپ ھالا بۈگۈنگىچە داۋاملاشتى. ئەمما بۈگۈنكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجى نىسبەتەن يۇقىرى ئۆرلەپ، ئۇلار ئىقتىساد ۋە ماددىي جەھەتتە ئاساسەن تويۇندى. بۇ ھال خۇشاللىنارلىق ئىش بولسىمۇ، ئەمما ئۇلاردىن بىر مۇنچىلار مەنىۋى ۋە روھى جەھەتتە نامراتلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ ئەجەبلىنەرلىك بىر ئىشتۇر. ئۇنداقتا ھازىرقى كىشىلەر مەنىۋىيىتىنى قەيەردىن ئىزدەيدۇ؟ ھەقىقىي روھى ئەمىنلىككە، قەلب خاتىرجەملىكىگە قانداق ئېرىشىدۇ؟

ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا ھەقىقىي روھى ئەمىنلىكنىڭ، قەلب خاتىرجەملىكىنىڭ بىردىنبىر يولى ئاللاھنىڭ كالامى بولغان «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، بىر ئايەتتە. **"بىلىڭلاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ"**{سۈرە «رەئد»(13-سۈرە)، 28-ئايەت} دېسە، يەنە بىر ئايەتتە. **"ئاللاھنىڭ زىكرى ئۈچۈن(يەنى ئاللاھنىڭ رەھمىتى، مەغپىرىتىگە دائىر ئايەتلەر تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا)، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ۋە دىللىرى يۇمشاپ(ئارام تاپىدۇ)، ئەنە شۇ (يەنى قۇرئان) ئاللاھنىڭ ھىدايىتىدۇركى، ئۇنىڭ بىلەن (ئاللاھ) خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ"** {سۈرە«زۇمەر» (39-سۈرە)، 23-ئايەت}، دەپ ئۇقتۇرىدۇ.

ئىنساننىڭ قەلب خاتىرجەملىكىگە بۇ ئۇسۇلدا ئېرىشىشىنىڭ سەۋەبى. ئىنسان مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، كائىنات ۋە ئۆزى ھەققىدىكى ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلىۋاتقان قىيىن سوئاللارغا «قۇرئان كەرىم»دىن جاۋاب تېپىپ، ئەقەللىي قانائەتكە ئېرىشكەندە، «قۇرئان كەرىم»نىڭ تاتلىق زەمزەم كەبى بۇلاقلىرىدىن كۆڭۈل تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ، قاغجىراپ كەتكەن دىللىرىغا "سۇ" باشلىغاندا ئاندىن ھەقىقىي روھى ئەمىنلىككە ئېرىشەلەيدۇ. بۇ بۇلاقتىن قانغۇچە ئىچىپ، مۇنبەت كۆڭۈل زېمىنىغا "سۇ" قويغاندا، سېسىق بۇسلار قاپلاپ كەتكەن دىللارغا ساپ ھاۋا كىرىپ، ئۆلگەن روھىيەت كۆكلەيدۇ ۋە ئۇ كىشى، قۇرئان تىلاۋەت قىلغۇچى "قارىي" دەپ سۈپەتلىنىدىغان "ئاللاھ ئەھلى"لىق مەقامىغا ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ

ئۇ كىشىنى دۇنيادىكى ۋاقتىدىلا ياخشى كۆرىدۇ، ئۇ ئادەم تەدرىجىي ھالدا ئاللاھقا يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ مەنىۋى كۈچ-قۇۋۋىتى ئاشىدۇ. مەنىۋى جەھەتتە قۇۋۋەتلىك، روھلۇق كىشىلەرنى باشقىلارمۇ ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن ھايات سەپىرىدە بىرگە مېڭىشنى، دوست بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. **"ئاللاھ تابارەك ۋە تائالا بىرەر بەندىنى ياخشى كۆرۈپ قالسا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى چاقىرىپ: 'مەن ھەقىقەتەن پالانى كىشىنى ياخشى كۆردۈم، سەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆر' دەيدۇ. ئاندىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇ كىشىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئاسماندا، ئاسمان ئەھلىگە نىدا قىلىپ: 'ئاللاھ ھەقىقەتەن پالانى كىشىنى ياخشى كۆردى، سىلەرمۇ ئۇ كىشىنى ياخشى كۆرۈڭلار' دەيدۇ. ئاندىن ئاسمان ئەھلى ئۇ كىشىنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە زېمىن ئەھلى ئىچىدىمۇ ئۇ كىشىنى ياخشى كۆرۈش تارقىلىدۇ"** (بۇخارى رىۋايىتى). دېمەك قۇرئان ئوقۇغانىنىڭ مەنىۋى جەھەتتە پايدىسى بولۇپلا قالماي، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئالاقە جەھەتتىمۇ پايدىسى بار. **"قورسىقىدا قۇرئاندىن ھېچ نەرسە يوق كىشى خاراب بولغان ئۆيگە ئوخشاش"** (تىرمىزى رىۋايىتى) ۋەيران، دىلىغۇل، خاتىرجەمسىز بولغان بولسا، ئەكسىچە قۇرئان تىلاۋەت قىلىدىغان قارىيلار كىشىلەر سۆيۈندىغان، ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىنىدىغان كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھۆرمەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ: **"خەلقلەرگە شۇ خەلقنىڭ ئىچىدە ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئانغا قارىيراق بولغان كىشى يېتەكچى ئىمام بولىدۇ"** (مۇسلىم رىۋايىتى) دېسە، يەنە بىر ھەدىستە ئىمام بۇخارى: **"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇھۇد ئۇرۇشىدا شېھىت بولغان ساھابىلەرنى يەرلىكىدە قويۇش ئۈچۈن، ئىككىدىن-ئىككىدىن جۇغلايتتى. ئاندىن: 'ئۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى قۇرئاننى كۆپ بىلىدۇ؟' دەپ سورايتتى. ئەگەر ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى قۇرئاننى كۆپ بىلىدۇ دەپ كۆرسىتىلسە، شۇ كىشىنى يەرلىكىدە بالدۇر قوياتتى"** دەپ رىۋايەت قىلىدۇ. مانا بۇ قەلب خاتىرجەملىكى ۋە روھى ئەمىنلىككە ئېرىشكەن، قۇرئان تىلاۋەت قىلغۇچى قارىي دەپ ئاتالغان ھېلىقى كىشىنىڭ دۇنيادىكى ئەقەللىي ئىززەت-ھۆرمىتى، لېكىن ئۇ كىشىنىڭ ھۆرمىتى بۇنىڭلىق بىلەن تۈگەپ قالمايدۇ. نىھايەت! ۋاقىت بىر بىرلەپ ئۆتۈپ ئاخىرى ئۇ كىشىمۇ ھايات سەپىرىنىڭ مۇساپىسىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، ئاخىرقى بېكەتتە ئۆلۈم شارابىنى تېتىيدۇ ۋە ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىدىغانلىقىغا، ھەر قانداق كىشى ئۆلمەيدىغان، ئەبەدىيلىك مەنزىلگاھ — ئاخىرەت كۈنىگە بەرھەق ئىشىنىدۇ. ئۇ كۈندە بولىدىغان ھېساب كىتابتىن ئاسانراق قۇتۇلۇشنى، بىرەر شاپائەتكە ئېرىشىپ دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. مانا بۇ قۇرئان ئاشۇنداق ئارزۇ ئىگىلىرىنىڭ شاپائەت قىلغۇچىسىكى **"ئۇ قىيامەت كۈنى ئۆزىنىڭ ساھىبى بولغان قۇرئان تىلاۋەت قىلغۇچى قارىيغا شاپائەتچى بولۇپ كېلىدۇ"** (مۇسلىم رىۋايىتى).

قىيامەت كۈن — ئۇ شۇنداق كۈنكى، ئۇ كۈندە **"ئىنسانلارنى مەست كۆرىسەن، ھالبۇكى، ئۇلار (ھەقىقەتتە) مەست ئەمەس (دېمەك، قىيامەتنىڭ دەھشىتى ئۇلارنى ئەس- ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتكەن)، لېكىن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر"** {سۈرە «ھەج» (22-سۈرە)، 2-ئايەت}، **"ئۇ كۈندە كىشى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، خوتۇنىدىن ۋە باللىرىدىن قاچىدۇ، ئۇ كۈندە ھەر ئادەمنىڭ بىر ھالى بولىدۇكى، ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىشىغا(شۇ ھالى) يار بەرمەيدۇ"** {سۈرە «ئەبەسە» (80-سۈرە)، 34 — 37-ئايەتلەر}.

مانا مۇشۇنداق دەھشەتلىك كۈندە خۇددى ساقايماس كېسەلگە داۋا چىقىپ قالغاندەك مۆجىزە يۈز بېرىپ، كىشىنىڭ بېشىغا خالايىقلارنىڭ ئارىسىدا كۈننىڭ نۇرىدىنمۇ نۇرلۇق تاج كەيدۈرۈلۈپ، ھۆرمەت قىلىنسا بۇ نېمىدېگەن چوڭ ئامەت؟ نېمىدېگەن چوڭ بەخت؟! بۇ بەختنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: **"كىمكى قۇرئاننى ئوقۇسا ۋە ئۇنىڭدىكى ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلسا ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا قىيامەت كۈنى بىر تاجنى كەيدۈرىدۇكى ئۇ تاجنىڭ نۇرى دۇنيادىكى قۇياشنىڭ نۇرىدىنمۇ چىرايلىقتۇر. ئۇنداقتا، قۇرئاننى ئوقۇپ ئەمەل قىلغان ئاشۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە قاندىلىق مەرتىۋە بېرىلەر، دەپ ئويلايسىلەر؟"** (ئەبۇ داۋۇت رىۋايىتى).

كىشىلەر مەستتەك بولۇپ كېتىدىغان ئاشۇنداق كۈندە، باللىسىنى ئوقۇتقان سەۋەبلىك بېشىغا تاج كىيگەن ئاتا-ئانىغا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن. ئاشۇنداق خورلۇق ئازابتىن ئۆزىنى، ئاتا-ئانىلىرىنى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى قۇتقۇزغان قۇرئان تىلاۋەت قىلغۇچى قارىيغا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ رەھمەت نۇرى يالغۇز قۇرئان تىلاۋەت قىلغۇچى قارىيدىلا توختاپ قالماي، ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغىمۇ يەتكىنىدەك، «قۇرئان كەرىم»نىڭ شاپائىتى يالغۇز قىيامەت كۈنىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى ئۇ زەنجىرسىمان ھالەتتە بولۇپ، ئۆز ساھىبىگە جەننەتكە كىرگەندىن كېيىنمۇ كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ. بىر ھەدىس

قۇددۇسىدا ئاللاھنىڭ قۇرئان تىلاۋەت قىلغۇچى قارىيلارغا جەننەتتە مۇنداق دەيدىغانلىقى خاتىرلەنگەن: **"ئى قۇرئان تىلاۋەت قىلغۇچى قارىي! قۇرئاننى ئوقۇ ۋە ئوقۇش بىلەن بىرگە يۇقىرى دەرىجىلەرگە ئۆرلە، دۇنيادا ئوقۇغۇنىڭدەك تەرتىل بىلەن چىرايلىق ئوقۇ، ھەقىقەتەن سېنىڭ مەنزىلىڭ سەن ئوقۇغان ئاخىرقى ئايەتنىڭ نەزىرىدەدۇر (يەنى سېنىڭ مەنزىل دەرىجەڭنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى سەن قۇرئان ئوقۇپ، ھېرىپ توختىغۇچە بولىدۇ)"** (ئەبۇ داۋۇت رىۋايىتى). مانا بۇنىڭدىن ئوقۇرمەنلەر ئاقىلانە خۇلاسە چىقىرالايدۇ — ئەلۋەتتە. بەلكىم ئەقىللىق، زېرەك ئوقۇرمەنلەر يۇقىرىدا نۇرغۇن جايدا تىلغا ئېلىنىپ ئۆتكەن "قارىي" ۋە "قۇرئان تىلاۋەت قىلغۇچى" دېگەن مەنىداش ئىككى سۆزنىڭ تەڭ ئىشلىتىلگەنلىكىدىن ئەجەبلىنىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە "قارىي" دېگەن بۇ سۈپەت قۇرئان تىلاۋەت قىلغانلىقى كىشىلەرگە (مەيلى قۇرئاننى پۈتۈن يادا ئالغان بولسۇن ياكى بىر قىسمىنى يادا ئالسۇن) ئورتاق قوللىنىلىدىغان سۆز بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»نى پۈتۈن يادا ئالغان كىشى "ھاپىز" (يادا ئالغۇچى) دېيىلىدۇ. مەيلى قايسى سۆز ئىشلىتىلىشتىن قەتئىي نەزەر قۇرئاننى پۈتۈن يادا ئالمىغانلارنى يۇقىرىدىكى ياخشىلىققا سازاۋەر ئەمەس دەپ قاراشقا بولمايدۇ. «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆرسەتمىسىگە ئەمەل قىلىپ، شۇ بويىچە قۇرئان تىلاۋەت قىلىدىغانلا بولسا، قۇرئاننى پۈتۈن يادا ئالمىغان قارىيلارمۇ مەزكۇر ياخشىلىققا سازاۋەردۇر. ئەمما بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قويۇش لازىمكى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان روھى ئەمىنلىك، بەخت-سائادەت نوقۇل ھالدىكى قۇرئان تىلاۋەت قىلىشتىنلا كەلمەيدۇ، قۇرئاننى ھەر قانچە ئوقۇۋەتكەن بىلەن، ئەمەلىيىتى ئۇنىڭغا مۇخالىپ بولسا، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ رەھمىتى ياغمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم بۇزۇق، ناچار ئىشلارنى قىلىپ قۇرئان تىلاۋەت قىلسا، ئاللاھ بۇزۇقلارنى ئەيىبلىگەن ئايەتلەرنى تىلاۋەت قىلغان ۋاقىتتا ئۆزىنى ئۆزى ئەيىبلىگەن، ئۆزىگە ئۆزى لەنەت تىلىگەن بولۇپ قالىدۇ. مانا بۇ تۆۋەندىكى ئايەت ئاللاھنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى: **"كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار (يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز. ئۇ: 'ئى پەرۋەردىگارىم! نېمىشقا مېنى كور قوپۇردۇڭ، ۋاھالەنكى، (دۇنيادىكى چاغدا) مېنىڭ كۆزۈم كۆرەتتىغۇ؟' دەيدۇ. ئاللاھ ئېيتىدۇ: 'شۇنىڭدەك، ساڭا (روشەن) ئايەتلىرىمىز كەلدى، سەن ئۇلارنى تەرك ئەتتىڭ، سەن بۈگۈن شۇنىڭغا ئوخشاش تەرك ئېتىلىسەن'"** {سۈرە «تاھا» (20-سۈرە)، 124 — 126-ئايەت}. **"ئاللاھنىڭ زىكرىنى تەرك ئەتكەنلىكتىن دىللىرى قېتىپ كەتكەنلەرگە ۋاي! ئەنە شۇلار روشەن گۇمراھلىقتىدۇر"** {سۈرە «زۇمەر» (39-سۈرە)، 22-ئايەت}. شۇڭلاشقا قۇرئان ئوقۇغاندا ھوزۇرى دىل بىلەن ئوقۇپ، ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى دۇنياسىنى ئۇنىڭغا توغرىلاپ، چىن قەلبىدىن سېغىنىپ ئوقۇغاندا ئاندىن روھى ئەمىنلىك ئەمەلىيلىشىدۇ.

ئاللاھ قۇرئان تىلاۋەت قىلغۇچى قارىيلارنى ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ پەرقىنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى ئوقتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **"بىز كىتاب (يەنى قۇرئان)نى بەندىلىرىمىزدىن بىز تاللىغان كىشىلەرگە مىراس قىلىپ بەردۇق. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر (يەنى قۇرئاننى تىلاۋەت قىلغان بىلەن ئەمەل قىلمايدۇ)، بەزىسى ئوتتۇرا ھالدۇر (يەنى كۆپ چاغلاردا قۇرئانغا ئەمەل قىلىپ، قىسمەن چاغلاردا ئەمەل قىلمايدۇ) ۋە بەزىسى ئاللاھنىڭ ئىزنى بويىچە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىدۇر. ئەنە شۇ كاتتا مەرھەمەتتۇر. ئۇلار ھەمىشە تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدۇ. ئۇلار جەننەتلەردە ئالتۇن بىلەزۈكلەرنى، مەرۋايىتلارنى تاقايدۇ، ئۇلارنىڭ كىيىمى يىپەكتىن بولىدۇ"** {سۈرە «فاتىر» (35-سۈرە)، 32 — 33-ئايەت}.

مۆھتەرەم مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم! سىز «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇپ، ئۇنىڭ ھۆكمى بويىچە مېڭىپ، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىراپ، يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل كىشىلەرنىڭ ئۈچىنچى خىلىدىن بولۇشقا تىرىشىڭ. ئاللاھنىڭ بۇ رەھمەت نۇرى بىلەن دىلىڭىزنى يورۇتۇش ئۈچۈن قەلب دەرۋازىڭىزنى كەڭرى ئېچىڭ. ھايات سەپىرىڭىزدە ھەقىقىي روھى ئەمىنلىككە ئېرىشكەن كىشىلەر بىلەن ھەم سەپەر بولۇڭ، ۋەھالەنكى، سىز كۆڭۈل كۆزىڭىز بىلەن قارىسىڭىز ئۇلارنى چوقۇم تاپالايسىز. ئاشۇ پىنھان جايلاردا ئاللاھ بىلەن مۇناجاتلىشىپ، ھوزۇرى-لەززەت سۈرۈۋاتقان "ئاللاھ ئەھلى"لىرىگە، پەرىشتە سۈپەت ئولتۇرۇپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىۋاتقان قارىيلارغا، مۇڭلۇق قىرائەتلەردىن ئېرىۋاتقان غۇبارسىز دىللارغا، ئاللاھنىڭ "ۋەئىد"لىرىدىن سۆيۈنۈپ كۆزدىن چىقىۋاتقان ۋىسال شاتلىقىدەك تەبەسسۇم ياشلىرىغا قاراڭ، ئۇلارنىڭ روھىيىتىدىن بىرەر خاتىرجەمسىزلىك ۋە دېلىغۇللۇق تاپالمايسىز، ئۇلارنىڭ قەلبىنىڭ قارىدەك ئاق ئىكەنلىكىنى كۆرىسىز. مانا بۇ ھەقىقىي روھى خاتىرجەملىك ۋە ھەقىقىي بەخت-سائادەتتۇر.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ تالىپى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)



# «قۇرئان كەرىم»دىكى سۈرە ناملىرى توغرىسىدا

ئابدۇرەقىپ ئابدۇغېنى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

«قۇرئان كەرىم» دىنىمىزنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى، شەرىئەتنىڭ تۈپ ئاساسى، دىنىمىزدىكى ئىماننىڭ كونكرېت پروگراممىسى، مۇتلەق ھاكىم بولغان پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ تائالانىڭ مۇتلەق ھەقىقەت بىلەن مۆجەسسەملەنگەن بەرھەق كالامى. كەسكىن ئېيتىمىزكى، «قۇرئان كەرىم» بىزگە ھەممىنى ئاتا قىلالايدۇ. ھەر قانداق ئىشلىرىمىزدا بىزنى توغرا يولغا يېتەكلىيەلەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ. **”ئاللاھ شۇ كىتاب(يەنى قۇرئان) ئارقىلىق رازىلىقىنى تىلىگەنلەرنى سالامەتلىك يوللىرى(ئاللاھنىڭ شەرىئىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى)غا يېتەكلەيدۇ، ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى (كۇفرى قاراڭغۇلۇقىدىن(ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ“** {سۈرە«مائىدە» (5-سۈرە)، 16-ئايەت}. رەسۇلۇللاھنىڭ قىسقىغىنە 23 يىل جەريانىدا پۈتكۈل ئەرەب يېرىم ئارىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كېيىنكى كۈنلەردىكى ئۈچ قىتئەگە ھالقىغان غايەت زور ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس سالالىشى «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت كالامۇللانىڭ مەڭگۈلۈك مۆجىزىسى ۋە كارامىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. جانابى سەرۋەر ئالەم، رەسۇل ئەكرەم مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «قۇرئان كەرىم»ھەققىدە مۇنداق دېگەنىدى: **”ئاللاھنىڭ كىتابى(قۇرئان كەرىم)دە سىلەردىن بۇرۇنقىلارنىڭ قىسسىلىرى، سىلەردىن كېيىنكىلەرنىڭ ئۇچۇرلىرى، ئاراڭلاردىكى ئىشلارنىڭ ھۆكۈمى باردۇر. ئۇ چاقچاق ئەمەستۇر، بەلكى (ھەق بىلەن ناھەقنى) ئايرىغۇچى (كالام) دۇر. كىمكى تەكەببۇرلۇقتىن ئۇ(نىڭ ھۆكمى)نى تەرك ئېتىدىكەن، ئاللاھ ئۇ كىشىنى ھالاك قىلىدۇ. كىمكى ئۇنىڭ غەيرىيدىن توغرا يول ئىزدەيدىكەن، ئاللاھ ئۇ كىشىنى گۇمراھ قىلىۋېتىدۇ. «قۇرئان كەرىم» ئاللاھنىڭ مەھكەم ئارغامچىسىدۇر، ھېكمەتلىك باياناتتۇر، توغرا يولدۇر. نەپسى خاھىشقا ئەگەشكەنلەر ئۇنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئۇنىڭغا غەيرى نەرسىلەر ئارىلىشىپ قالمايدۇ. ئۆلىمالار ئۇنىڭغا قانمايدۇ. ئۇ كۆپ ئوقۇغانغا كونىراپ قالمايدۇ، ئۇنىڭ ئاجايىباتلىرى تۈگەپ كەتمەيدۇ. ئۇ شۇنداق كالامكى، ھەتتا جىنلارمۇ ئۇنى ئاڭلىغان چاغدا: 'بىزنى توغرا يولغا باشلايدىغان ئاجايىپ قۇرئاننى ھەقىقەتەن ئاڭلىدۇق، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق' دېمەي تۇرالمىغان. كىمكى ئۇ (قۇرئان كەرىم)نى دەيدىكەن، راستىنى دېگەن بولىدۇ. كىمكى ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىدىكەن، ئەجرگە مۇيەسسەر بولىدۇ. كىمكى ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلىدىكەن، ئادىل بولىدۇ، كىمكى ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىدىكەن، توغرا يولغا يېتەكلىنىدۇ“.** دېمەك «قۇرئان كەرىم» ھاياتلىق سەپىرىمىزدىكى يول خەرىتىمىزدۇر. شۇ ۋەجدىن «قۇرئان كەرىم» ھەققىدە ئىزدىنىش، بۇ ساھەدە تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىز مۇسۇلمانلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچىمىز، شۇنداقلا دۇنيالىق ھاياتىمىزنى توغرا يول ئۈستىگە قۇرۇپ، ئاخىرەتلىك سائادىتىمىزنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزدىكى ئاچقۇچ.

شۇنىڭغا كۆرە، ساھابىلەر زامانىدىن تارتىپ تالاي ئۆلىمالار «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەر بىر ئايىتى ھەققىدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارغان، ھەمدە رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆرسەتمىلىرىنى پرىنسىپ قىلغان ئاساستا، ھەر قايسى دەۋرلەرگە ماس ھالدا تەپسىرلەش ئارقىلىق، ئەينى دەۋرلەردىكى ئىسلام خەلىپىلىكلىرى ۋە مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ دىنىي كۆرسەتمە، ئەھكاملارغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كەلگەن. بۇ جەرياندا ئاز بولمىغان سەر خىل نەتىجىلەر بارلىققا كەلگەن. ھازىرغىچە «قۇرئان كەرىم»نىڭ 1000دىن ئارتۇق تەپسىرى بار دېيىلمەكتە ۋە بۇنىڭ بىلەن «قۇرئان كەرىم» ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەڭ كۆپ شەرھلەنگەن بىردىنبىر كىتاب دەپ تەرىپلەنمەكتە.

ئۆزىمىزنىڭ بۇ ساھەدىكى مەسئۇلىيىتىمىزنى تونۇش سۈپىتىدە، ئىگىلىگەن ماتېرىياللىرىم ئاساسىدا ئاللاھقا

تەۋەككۇل قىلىپ، «قۇرئان كەرىم» دىكى سۈرە ناملىرى ھەققىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن. «قۇرئان كەرىم»دە جەمئىي 114 سۈرە بولۇپ، ھەر بىر سۈرىنىڭ ئايرىم-ئايرىم نامى بار. بۇ ناملار تۈرلۈك ساھەلەرگە چېتىشلىق بولۇپ، بۇ ئىلاھىي دەستۇرغا تېخىمۇ رەڭدار تۈس بېغىشلايدۇ. سۈرىلەرگە نام قىلىپ قويۇلغان ھەر بىر سۆز سىزدە ئۆزگىچە ئىشتىياق قوزغاپ، بۇ ھەقتە ئىزدىنىشكە جەلپ قىلىدۇ. تۆۋەندە «قۇرئان كەرىم»دىكى 114 سۈرىنىڭ نامى، نام مەنىسى ۋە قىسقىچە ئاتىلىش سەۋەبى «قۇرئان كەرىم»دىكى سۈرىلەر تەرتىپى بويىچە جەدۋەللەشتۈرۈپ بېرىلدى.

| سۈرە تەرتىپى | سۈرە ئىسمى | مەنىسى | ئاتىلىش سەۋەبلىرى |
| --- | --- | --- | --- |
| 1 | فاتىھە | مۇقەددىمە، ئاچقۇ | بۇ سۈرىنىڭ جەمئىي 12 ئىسمى بار. «قۇرئان كەرىم» ۋە نامازلارمۇ مۇشۇ سۈرە بىلەن باشلىنىدۇ |
| 2 | بەقەرە | كالا | كالا ۋەقەسى بايان قىلىنغان (67-، 73-ئايەتلەر) |
| 3 | ئال ئىمران | ئىمران ئائىلىسى | ئىمران(ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئاتىسى)ئائىلىسىنىڭ پەزلى بايان قىلىنغان (35—55-ئايەتلەر) |
| 4 | نىسا | ئاياللار | ئاياللار ھەققىدىكى ئەھكاملار كۆپ |
| 5 | مائىدە | داستىخان | ھەۋارىيلارنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن ئاسماندىن "ئۈستىدە تاماق بار داستىخان" چۈشۈرۈپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغانلىقى بايان قىلىنغان. (112—115-ئايەتلەر) |
| 6 | ئەنئام | چاھارپايلار | چاھارپايلارنىڭ ھالال-ھاراملىرى بايان قىلىنغان (136—146-ئايەتلەر) |
| 7 | ئەئراف | جاي ئىسمى | جەننەت بىلەن دوزاخ ئوتتۇرىسىدىكى پاسىل، يەنى ئەئراف زىكىر قىلىنغان (48-، 49-ئايەتلەر) |
| 8 | ئەنفال | غەنىمەت(ئولجا) | غەنىمەت تەقسىماتى ھەققىدىكى بايانلار بىلەن باشلانغان |
| 9 | تەۋبە | تۆۋبە | تۆۋبە ياكى ئازابنى تاللاش كېرەكلىكى بايان قىلىنغان( بۇ سۈرىنىڭ جەمئىي 14 ئىسمى بار). |
| 10 | يۇنۇس | كىشى ئىسمى | يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغان(98-ئايەت). |
| 11 | ھۇد | كىشى ئىسمى | ھۇد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغان(50—60-ئايەتلەر) |
| 12 | يۇسۇف | كىشى ئىسمى | يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغان |
| 13 | رەئد | چاقماق | چاقماق قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان(13-ئايەت) |
| 14 | ئىبراھىم | كىشى ئىسمى | ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغان (35—41-ئايەتلەر) |
| 15 | ھىجر | جاي ئىسمى | سالىھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ھىجر دېگەن جايدا ياشايدىغان قەۋمىنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغان(80—82-ئايەتلەر) |
| 16 | نەھل | ھەسەل ھەرىسى | ھەسەل ھەرىسىنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغان(68—69-ئايەتلەر) |
| 17 | ئىسرا | كېچىلىك سەپەر | رەسۇلۇللاھنىڭ شۇ سەپىرى بىلەن باشلىنىدۇ |
| 18 | كەھف | غار | ئەسھابۇل كەھف قىسسىسى بايان قىلىنغان(9—26-ئايەتلەر) |
| 19 | مەريەم | كىشى ئىسمى | ھەزرىتى مەريەم ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىلىرى بايان قىلىنغان(16—37-ئايەتلەر) |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 20 | تاھا | رەسۇلۇللاھنىڭ ئىسمى | رەسۇلۇللاھنىڭ شۇ ئىسمى بىلەن باشلانغان |
| 21 | ئەنبىيا | پەيغەمبەرلەر | بىر بۆلۈك پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىدىن قىسقىچە ئومۇمىي بايان بېرىلگەن |
| 22 | ھەج | ھەج | ھەجگە ئالاقىدار بايانلار بار (25—37-ئايەتلەر) |
| 23 | مۆئمىنۇن | مۆمىنلەر | مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى بىلەن باشلانغان |
| 24 | نۇر | نۇر | ئاللاھنىڭ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ نۇرى ئىكەنلىكى... بايان قىلىنغان(35-، 40-ئايەتلەر) |
| 25 | فۇرقان | ھەق-ناھەقنى ئايرىغۇچى | «قۇرئان كەرىم»ھەققىدىكى بايانلار بىلەن باشلانغان |
| 26 | شۇئەرا | شائىرلار | شائىرلار ھەققىدە بايانلار بار(225—227-ئايەتلەر) |
| 27 | نەمل | چۈمۈلە | چۈمۈلە قىسسىسى بايان قىلىنغان(18-، 19-ئايەتلەر) |
| 28 | قەسەس | قىسسەلەر | مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋەللۇتىدىن، تا پەيغەمبەرلىككىچە بولغان ۋەقەلىكلەر مۇپەسسەل بايان قىلىنغان |
| 29 | ئەنكەبۇت | ئۆمۈچۈك | مۇشرىكلارنىڭ مەبۇد قىلىۋېلىشقان بۇتلىرى ئۆمۈچۈكنىڭ ئاجىز ئۆيىگە ئوخشىتىلغان(41-ئايەت) |
| 30 | رۇم | ۋىزانتىيە | «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۆجىزىلىرىدىن، رۇملۇقلارنىڭ بىر نەچچە يىل ئىچىدە يېڭىدىغانلىقىدىن ئالدىن ئۇچۇر بېرىلگەن (2—5-ئايەتلەر) |
| 31 | لوقمان | لوقمان ھەكىم | لوقمان ھەكىمنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغان(13—19-ئايەتلەر) |
| 32 | سەجدە | سەجدە | بىر سەجدە ئايىتى بار (15-ئايەت) |
| 33 | ئەھزاب | قوشۇنلار | مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى توپ-توپ بولۇپ ئۇيۇشقانلىقى، ئاللاھنىڭ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغانلىقى بايان قىلىنغان(9-، 27-ئايەتلەر) |
| 34 | سەبەئ | قەۋم ئىسمى | يەمەندىكى سەبەئ قەۋمىنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغان(15—21-ئايەتلەر) |
| 35 | فاتىر | ياراتقۇچى | ئاللاھنىڭ مەزكۇر گۈزەل ئىسمى بىلەن باشلانغان |
| 36 | ياسىن | ي، س ھەرپلىرى | ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى مەزكۇر ئىككى ھەرپ بىلەن باشلانغان |
| 37 | ساففات | سەپراس قوشۇن | مەزكۇر سۈپەتتىكى مەخلۇقات بىلەن قەسەم قىلىنىپ باشلانغان |
| 38 | ساد | "ص" ھەرپى | ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى مەزكۇر ھەرپ بىلەن باشلانغان |
| 39 | زۇمەر | جامائە | مۆمىنلەر جامائەسى ۋە كۇففارلار جامائەسى سېلىشتۇرۇلغان |
| 40 | غافىر | مەغپىرەت قىلغۇچى | سۈرە بېشىدىلا ئاللاھنىڭ مەزكۇر ئىسمى زىكىر قىلىنغان |
| 41 | فۇسسىلەت | مۇپەسسەل بايانات | قۇدرىتى ئىلاھىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەر مۇپەسسەل بايان قىلىنغان |
| 42 | شۇرا | كېڭەش | كېڭەشنىڭ ئىسلامدىكى ئالاھىدە ئورنى بايان قىلىنغان(48-ئايەت) |
| 43 | زۇخرۇف | زىبۇزىننەت | باقاسى يوق دۇنيا نېمەتلىرى پارقىراق زىبۇزىننەتكە ئوخشىتىلغان ۋە ئۇنىڭدىن دۇنيادا كاپىرلارمۇ بەھرىلىنىدىغانلىقى، ئاخىرەتتە مۆمىنلەرگىلا خاس بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان |
| 44 | دۇخان | تۈتۈن | ئاللاھ كۇففارلارنى رەسۇلۇللاھقا تەكزىب قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن تۈتۈن بىلەن قورقۇتقان (10-ئايەت) |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 45 | جاسىيە | تىزلانغان(قەۋم) | قىيامەت كۈنىدە ھەر بىر قەۋمنىڭ قورقۇنچتىن تىزلىنىپ تۇرىدىغانلىقى بايان قىلىنغان (28-ئايەت) |
| 46 | ئەھقاف | جاي ئىسمى | ئەھقافتىكى ئاد قەۋمىنىڭ ھالاك قىلىنغانلىقى بايان قىلىنغان |
| 47 | مۇھەممەد | كىشى ئىسمى | جىھاد ھەققىدە بايانلار بار. بۇ سۈرە رەسۇلۇللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان |
| 48 | فەتىھ | ئازاد قىلىش | مەككىنىڭ فەتىھ قىلىنىدىغانلىقىدىن ئالدىن ئۇچۇر بېرىلگەن |
| 49 | ھۇجۇرات | ھۇجرىلار | رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ھۆرمىتى بايان قىلىنغان |
| 50 | قاف | ''ق'' ھەرپى | ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى شۇ ھەرپ بىلەن باشلانغان |
| 51 | زارىيات | سورىغۇچى | تۇپراقنى سورىغۇچى شاماللار بىلەن قەسەم قىلىنىپ باشلانغان |
| 52 | تۇر | تۇر تېغى | تۇر تېغى بىلەن قەسەم قىلىنىپ باشلانغان |
| 53 | نەجم | يۇلتۇز | يۇلتۇز بىلەن قەسەم قىلىنىپ باشلانغان |
| 54 | قەمەر | ئاي | باشتىلا ''ئاي يېرىلىش ۋەقەسى'' زىكىر قىلىنغان |
| 55 | رەھمان | ناھايىتى شەپقەتلىك | ئاللاھنىڭ مەزكۇر گۈزەل ئىسمى بىلەن باشلانغان |
| 56 | ۋاقىئە | زور ۋەقە | قىيامەت ئەھۋاللىرى بايان قىلىنغان |
| 57 | ھەدىد | تۆمۈر | تۆمۈرنىڭ خۇسۇسىيىتى بايان قىلىنغان(25-ئايەت) |
| 58 | مۇجادەلە | تاكاللىشىش | زىھار قىلىنغان بىر ئايالنىڭ رەسۇلۇللاھقا ئېرىدىن شىكايەت قىلغان ۋەقەلىكى بىلەن باشلانغان |
| 59 | ھەشر | سۈرگۈن | بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنىڭ سۈرگۈن قىلىنغانلىقى بايان قىلىنغان(3-ئايەت) |
| 60 | مۇمتەھىنە | سىنالغان ئايال | ھۇدەيبىيە سۇلھىسى مەزگىلىدە مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۆمىنەلەرنى سىناپ ئېلىپ قېچىش، كاپىرلارغا قايتۇرۇپ بەرمەسلىك بايان قىلىنغان(10-ئايەت) |
| 61 | سەپ | سەپ، قاتار | كۇففارلارغا قارشى سەپ تۈزۈپ جىھاد قىلغانلار مەدھىيىلەنگەن(4-ئايەت) |
| 62 | جۇمۇئە | جۈمە | جۈمە نامىزىغا دائىر ئەھكاملار بار (9—11-ئايەتلەر) |
| 63 | مۇنافىقۇن | مۇناپىقلار | مۇناپىقلارنىڭ ئەپتىبەشىرىسى ئېچىپ تاشلانغان |
| 64 | تەغابۇن | زىيان تارتىش | كاپىرلارنىڭ قىيامەتتە زىيان تارتىدىغانلىقى بايان قىلىنغان(9-، 10-ئايەتلەر) |
| 65 | تەلاق | تالاق | تالاققا دائىر ئەھكاملار بايان قىلىنغان |
| 66 | تەھرىم | ھارام قىلىۋېلىش | رەسۇلۇللاھنىڭ باشقا ئاياللىرىنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ، دېدىكى مارىيەگە يېقىنلىشىشنى ئۆزىگە ھارام قىلىۋالغانلىقى ئەيىبلەنگەن |
| 67 | مۇلك | ئىگىدارچىلىق | پۈتۈن ئىگىدارچىلىقنىڭ ئاللاھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكى بىلەن باشلانغان |
| 68 | قەلەم | قەلەم | باشتىلا قەلەم بىلەن قەسەم قىلىنغان |
| 69 | ھاققە | بولۇشى مۇقەررەر | قىيامەتنىڭ ئەھۋاللىرى بىلەن باشلانغان |
| 70 | مائارىج | ئاسمان شوتىلىرى | ئاللاھنىڭ ئاسمان شوتىلىرىغا ئىگە ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان (3-ئايەت) |
| 71 | نۇھ | كىشى ئىسمى | نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى مۇپەسسەل بايان قىلىنغان |
| 72 | جىن | جىن | جىنلار ھەققىدە بىر قەدەر تەپسىلىي مەلۇمات بار |
| 73 | مۇززەممىل | كىيىمگە يۆگىنىۋالغۇچى | رەسۇلۇللاھنىڭ مەزكۇر سۈپىتى بىلەن باشلانغان |
| 74 | مۇددەسسىر | كىيىمگە پۈركىنىۋالغۇچى | رەسۇلۇللاھنىڭ مەزكۇر سۈپىتى بىلەن باشلانغان |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 75 | قىيامەت | قىيامەت | قىيامەت كۈنى بىلەن قەسەم قىلىنىپ باشلانغان |
| 76 | ئىنسان | ئىنسان | ئىنساننىڭ يارىتىلىشى بىلەن باشلانغان |
| 77 | مۇرسەلات | لەرزان(شاماللار) | شاماللار بىلەن قەسەم قىلىنىپ باشلانغان |
| 78 | نەبە | ئۇچۇر | قىيامەت، قايتا تىرىلدۈرۈش... ھەققىدە ئۇچۇر بېرىلگەن |
| 79 | نازىئات | سۇغۇرۇۋالغۇچى | شۇ سۈپەتلىك مالائىكىلەر بىلەن قەسەم قىلىنىپ باشلانغان |
| 80 | ئەبەسە | تەرىنى تۈرۈش | رەسۇلۇللاھنىڭ ۋەز-نەسىھەت ئاڭلىغىلى كەلگەن ئابدۇللا ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمغا تەرىنى تۈرگەن ۋەقەلىكى بىلەن باشلانغان |
| 81 | تەكۋىر | (نۇرى) ئۆچۈش | قىيامەتتە قۇياشنىڭ نۇرى ئۆچىدىغانلىقى بىلەن باشلانغان |
| 82 | ئىنفىتار | يېرىلىش | قىيامەتتە ئاسمان يېرىلىدىغانلىقى بىلەن باشلانغان |
| 83 | مۇتەففىفىن | تارازىدا كەم بەرگۈچىلەر | تارازىدا كەم بەرگۈچىلەر ئاگاھلاندۇرۇلۇپ باشلانغان |
| 84 | ئىنشىقاق | يېرىلىش | قىيامەتتە ئاسمان يېرىلىدىغانلىقى بىلەن باشلانغان |
| 85 | بۇرۇج | ئاسمان بۇرۇجلىرى | بۇرۇجلارنىڭ ئىگىسى بولغان ئاسمان بىلەن قەسەم قىلىنىپ باشلانغان |
| 86 | تارىق | يورۇق يۇلتۇز | باشتىلا يورۇق يۇلتۇز بىلەن قەسەم قىلىنغان |
| 87 | ئەئلا | ھەممىدىن ئۈستۈن | ئاللاھنىڭ مەزكۇر گۈزەل ئىسمى بىلەن باشلانغان |
| 88 | غاشىيە | ھەممىنى ئوراپ ئالغۇچى | قورقۇنچ ھەممىنى ئوراپ ئالىدىغان قىيامەت ئەھۋاللىرى سۆزلەنگەن |
| 89 | فەجر | تاڭ، سۇبھى | سۇبھى بىلەن قەسەم قىلىنىپ باشلانغان |
| 90 | بەلەد | شەھەر | مەككە شەھىرى بىلەن قەسەم قىلىنىپ باشلانغان |
| 91 | شەمس | قۇياش | قۇياش بىلەن قەسەم قىلىنىپ باشلانغان |
| 92 | لەيل | كېچە | كېچە بىلەن قەسەم قىلىنىپ باشلانغان |
| 93 | زۇھا | چاشكا | چاشكا ۋاقتى بىلەن قەسەم قىلىنىپ باشلانغان |
| 94 | ئىنشىراھ | ئېچىۋېتىش | ئاللاھنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ قەلبىنى ئىمانغا ئېچىۋېتىپ، دىلىنى ھېكمەت بىلەن تولدۇرغانلىقى بايان قىلىنغان |
| 95 | تىن | ئەنجۈر | ئەنجۈر بىلەن قەسەم قىلىنىپ باشلانغان |
| 96 | ئەلەق | لەختە قان | ئىنساننىڭ لەختە قاندىن يارىتىلغانلىقى بايان قىلىنغان |
| 97 | قەدر | قەدرى كېچىسى | قەدر كېچىسىنىڭ پەزىلىتى، خاسىيتى بايان قىلىنغان |
| 98 | بەييىنە | بۇرھان، ھۆججەت | ئەھلى كىتابتىن كاپىر بولغانلار ۋە مۇشرىكلارنىڭ «قۇرئان كەرىم» كەلگەنگە قەدەر كۇفرىدىن يانمىغانلىقى بايان قىلىنغان |
| 99 | زەلزەلە | تەۋرەش | قىيامەتتە زېمىن قاتتىق تەۋرىتىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان |
| 100 | ئادىيات | ئاتلىق (قوشۇن) | ھاسىراپ يۈگۈرگۈچى ئاتلار بىلەن قەسەم قىلىنىپ باشلانغان |
| 101 | قارىئە | چەككۈچى | قورقۇنچلۇقى بىلەن دىللارنى چېكىدىغان قىيامەتنىڭ ئەھۋاللىرى بايان قىلىنغان |
| 102 | تەكاسۇر | پەخىرلىنىش | مال-دۇنيا، پەرزەنتتىن پەخىرلىنىشتىن ئاگاھلاندۇرۇلغان |
| 103 | ئەسر | ئەسىر، زامان | ئەسىر بىلەن قەسەم قىلىنىپ باشلانغان |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 104 | ھۇمەزە | بۆھتان چاپلىغۇچىلار | بۆھتان چاپلىغۇچىلارنىڭ دوزاخقا كىرىدىغانلىقى سۆزلەنگەن |
| 105 | فىل | پىل | " كەئبە شەرىپ"نى ۋەيران قىلىش قەستىدە قوشۇن باشلاپ كەلگەن پىل ئىگىلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتى سۆزلەنگەن |
| 106 | قۇرەيش | قەبىلە نامى | ئاللاھنىڭ قۇرەيشكە ئاتا قىلغان نېمەتلىرى ئەسلىتىلگەن |
| 107 | مائۇن | قولقا | كىشىلەرگە پالتا، كەكە، يىپ-يىڭنە...چاغلىق نەرسىلەرنى بەرمەيدىغان كىشىلەر ئەيىبلەنگەن |
| 108 | كەۋسەر | ھەۋزى كەۋسەر | رەسۇلۇللاھقا ھەۋزى كەۋسەر ئاتا قىلىنغانلىقى سۆزلەنگەن |
| 109 | كافىرون | كاپىرلار | كۇپپارلار رەسۇلۇللاھتىن، ئۇنىڭ ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىغا بىر يىل، ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئىلاھىغا بىر يىل ئىبادەت قىلىشىنى تەلەپ قىلغاندا ئۇلارغا رەددىيە سۈپىتىدە نازىل بولغان |
| 110 | نەسر | نۇسرەت | مەككىنىڭ فەتھە قىلىنىدىغانلىقىدىن ئالدىن ئۇچۇر بېرىلگەن |
| 111 | مەسەد | چىگە | ئەبۇ لەھەبنىڭ سۇخەنچى خوتۇنىنىڭ بوينىدا چېگىدىن ئېشىلگەن ئارغامچا بولىدىغانلىقى سۆزلەنگەن |
| 112 | ئىخلاس | ئىخلاس | ئاللاھنىڭ بىرلىكى، تەڭداشسىزلىقى... بايان قىلىنغان |
| 113 | فەلەق | سۈبھى | سۈبھىنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا سېغىنىپ مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەنگەن |
| 114 | ناس | ئىنسانىيەت | ئىنسانلارنىڭ رەببى، پادىشاھى، ئىلاھى ئاللاھقا سېغىنىپ جىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەنگەن |

(ئاپتور: مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى تالىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## ئۈمۈر چولپىنى




كونەس ناھىيە ئارالتۆپە يېزىسىدا تاھىر روزى ئىسىملىك 106 ياشلىق بىر ئۈمۈر چولپىنى بار. ئۇ 1898-يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى سايباغ يېزىسىدا تۇغۇلغان. 25 يېشىدا مۇزئارت داۋىنىدىن مېڭىپ ئۆتۈپ غۇلجىغا بارغان. 40 يېشىدا كونەس ئارالتۆپىگە چىقىپ تىجارەتچىلىك قىلىپ، شۇ يەردە ماكانلىشىپ قالغان ۋە تا ھازىرغىچە دېھقانچىلىق، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. ئۇ 40 يېشىدا ئۆيلەنگەن، كۆڭلىنى كەڭ تۇتقان، ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانغان، روزا تۇتقان. يەيدىغان تامىقى ئاساسەن گۆش، پولو، شورپا بولۇپ، تاماكا چەكمىگەن، ھاراق ئىچمىگەن، ئويۇن-تاماشىغا بېرىلمىگەن. قىزىق يېرى، 2000- يىلى ئۇنىڭغا يېڭى چىش چىققان. (ئابدۇسەمەت ئابدۇللا)

# جامائەتلىك نامازلاردا سەپتە رۇس تۇرۇش توغرىسىدا

تۇرسۇن توختى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

جامائەتلىك نامازلاردا سەپلەرنى رۇسلاپ تۈز تۇرۇش پەيغەمبىرىمىز كۆپ تەكىتلىگەن مەسىلە بولۇپ، ئۇنى نامازنىڭ توغرا، مۇكەممەل ئادا تېپىشىنىڭ شەرتى قىلىپ ئۇممەتلىرىگە تەلىم بەرگەن. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: ''سەپلەرنى تۈز قىلىڭلار، چۈنكى سەپ تۈز بولسا، ناماز مۇكەممەل بولىدۇ'' (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس). جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ: ''پەرىشتىلەر ئۆز رەببى ئالدىدا سەپتە تۇرغاندەك تۇرمامسىلەر؟'' دېدى. بىز: ''يا رەسۇلۇللاھ، پەرىشتىلەر ئۆز رەببى ئالدىدا سەپتە قانداق تۇرىدىكەن؟'' دېدۇق، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى: ''ئۇلار ئاۋۋالقى سەپنى تولدۇرۇپ، سەپتە رۇس تۇرىدۇ'' (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). نوئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان دەيدۇ: ''چوقۇمكى سىلەر يا سەپلىرىڭلارنى تۈزەڭلار، ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار، ئاللاھ يۈزۈڭلارنى قارىمۇقارشى قىلىۋاتىدۇ''(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس). مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ سەپلىرىمىزنى خۇددى ئوقيانىڭ ئوقىنى تۈزلىگەندەك تۈزەيتتى، ھەتتا بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سەپ تۈزۈشنى ئۆگەنگەنگە قەدەر شۇنداق قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى چىقىپ، تەكبىر ئېيتىلىشقا يېقىن بىر كىشىنىڭ مەيدىسى سەپتىن چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ: ''ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى، چوقۇم سىلەر سەپلىرىڭلارنى تۈزەڭلار، ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار، ئاللاھ يۈزۈڭلارنى قارىمۇقارشى قىلىۋېتىدۇ'' دېگەن.

يۇقىرىقى ھەدىس شەرىپلاردىن، نامازنىڭ مۇكەممەل ئادا بولۇشىدا سەپنىڭ مۇھىملىقىغا سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. بىراق بىزنىڭ بىر مۇنچىلىرىمىزنىڭ سەپتە تۇرغان ھالىتىمىز(قىسمەن مەسچىتلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا) ئادەمنى بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. نامازغا مەسچىتكە كىرگىنىمىزدە سەپ بىلەن كارىمىز يوق، قەيەرنى خالىساق شۇ يەردە ئولتۇرىمىز، تەكبىر ئېيتىلىپ ئىمام مېھرابقا ئۆتكەندىمۇ ئاساسەن سەپلىرىمىزنى ئوڭشاپ كەتمەيمىز. ئالدى سەپنى توشقۇزماي تۇرۇپ، يەنە ئارقىغا سەپ تۈزۈۋالىمىز. ھەتتا ئالدى سەپ بوش تۇرسىمۇ، ئارقىدا يالغۇز تۇرۇۋالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. سەپتە تۇرغاندا سەپ ئارىلىرىمۇ بوش بولۇپ، ئاساسەن دېگۈدەك ئۈچ ئادەمنىڭ ئارىسىغا بىر ئادەم، ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىغا بىر ئادەم پاتقۇدەك بوش ئورۇن قالىدۇ. بەزىلەرگە سەپتە يېقىن تۇرسىڭىز كۆڭلىڭىزگە ئازار بېرىشتىن يانمايدۇ(شۇنداق ئەھۋاللار بولغان). سەپلىرىمىزنىڭ تۈز بولۇش-بولماسلىقىغىمۇ ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمەيمىز. كۆپلىگەن مەسچىتلەردە سەپنىڭ تۈز بولۇشى ئۈچۈن جايناماز ۋە گىلەم-كىگىزلەر رەتلىك، تۈز سېلىنغان ياكى تانا تارتىپ قويۇلغان بولسىمۇ جامائەتلىرىمىز بۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ. بەزى مەسچىتلەردە يازدا(جۈمە كۈنلىرى) مەسچىت ئىچى توشماي تۇرۇپ سالقىن دەپ سىرتقا سەپ تۈزۈۋالىمىز. قىش كۈنلىرى بولسا مەسچىت ئىچىدە سەپلەردە بىر-بىرىمىزگە يېقىن تۇرماسلىق سەۋەبىدىن نۇرغۇن جامائەتلەر سوغۇقتا سىرتتا قالىدۇ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ''ئاۋۋالقى سەپنى تولدۇرۇڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا يېقىن بولغان سەپنى تولدۇرۇڭلار، سەپتە بوشلۇق قېلىشقا توغرا كەلسە كېيىنكى سەپ بوش قالسۇن''(ئەبۇ داۋۇت رىۋايەت قىلغان). ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، نامازغا تەكبىر ئېيتقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە يۈزلىنىپ: ''سەپلىرىڭلارنى تۈز قىلىڭلار ۋە سەپتە بىر-

بىرسىڭلارغا يېقىن تۇرۇڭلار، چۈنكى شەيتان سىلەرنى كەينىمدىن كۆرۈپ تۇرىمەن"دەيتتى(ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان). يەنە بىر رىۋايەتتە "مۇرىمىزنى ھەمراھىمىزنىڭ مۇرىسىگە، پۇتىمىزنى ھەمراھىمىزنىڭ پۇتىغا تەگكۈزۈپ تۇراتتۇق" دېيىلگەن. يەنە پەيغەمبىرىمىز ئارقا سەپتە يالغۇز تۇرغان بىرسىنى كۆرۈپ: " نامىزىڭنى ئالدىغا ئۆتۈپ ئوقۇ، ئارقا سەپتە يالغۇز تۇرغان كىشىنىڭ نامىزى ناماز ئەمەس" دېگەن(ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "سەپلىرىڭلارنى ئۆز ئارا يېقىن قىلىپ تۇرۇڭلار، سەپلەرنىڭ ئارىلىقىنى يېقىن قىلىڭلار، بوينۇڭلارنى باراۋەر قىلىڭلار، جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، مەن شەيتاننىڭ سەپ ئارىسىدىن خۇددى قارا پاقلاندەك كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىمەن"(ئەبۇ داۋۇت رىۋايەت قىلغان).

يۇقىرىقى ھەدىسلەرنىڭ روھىدىن قارىغىنىمىزدا پەيغەمبىرىمىز سەپنى ئوقيانىڭ ئوقىدەك تۈز قىلىش، سەپ ئارىلىقىدا بوشلۇق قالدۇرماسلىق، ئالدى سەپنى توشقۇزماي تۇرۇپ، يەنە باشقىدىن ئارقىغا سەپ تۈزۈۋالماسلىق ۋە ئالدىدا بوش ئورۇن تۇرۇپ، ئارقىدا يالغۇز تۇرۇۋالماسلىق قاتارلىقلارنى نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىشنىڭ شەرتى ھەمدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىناق-ئىتتىپاق، مۇستەھكەم بىرلىكىنىڭ سىمۋولى قىلىپ كۆرسەتكەن.

بەش ۋاخ نامازنى ئامالنىڭ بارىچە مەسچىتلەردە ئوقۇش پەيغەمبىرىمىز كۆپ تەكىتلىگەن، خاسىيتى ھەم ساۋابى كۆپ بولغان، ئادەمنى سۆيۈندۈرىدىغان كاتتا ئىش بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز كىشىلەرنى جامائەتلىك نامازلارغا قىزىقتۇرۇپ، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە: "جامائەت بىلەن ئوقۇلغان ناماز، يالغۇز ئوقۇلغان نامازدىن 27 دەرىجە ئۈستۈن"دېگەن. ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزلەپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ پەرز نامازلارنى مەسچىتلەردە ئوقۇش توغرىسىدىكى تەلىمگە ئەمەل قىلىپ، قەھرىتان سوغۇق، تومۇز ئىسسىقلاردا مەسچىتلەرگە كېلىپ ناماز ئوقۇدۇقيۇ سەپلىرىمىزنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە تۈزىمىدۇق، ئۇنداقتا نامازنى مۇكەممەل ئادا بولدى دېيەلەيمىزمۇ؟ نامىزىمىزغا شەيتان ئارىلاشمىدى دەپ ئېيتالايمىزمۇ؟ چوقۇمكى پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزى ھەق، چۈنكى پەيغەمبىرىمىز گەپنى ئۆز خاھىشى بويىچە ئەمەس بەلكى ئاللاھنىڭ ئىلھامى ۋە كۆرسەتمىسى بويىچە سۆزلەيدۇ. رەسۇلۇللاھ بىزنى ئىككىلا ئالەمدە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان يولباشچىمىزغۇ؟ "سىلەرگە — ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە — رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر" {سۈرە«ئەھزاب»(33-سۈرە) 21-ئايەت}، "(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، 'ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ. (ئۆتكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر'" {سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 31-ئايەت}.

ئالدى سەپ توشماي تۇرۇپ ئارقىغا يەنە سەپ تۈزۈۋېلىشىمىز جامائەتلىرىمىزنىڭ كوللېكتىپ ئىبادەت چۈشەنچىسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، ئالدىنقى سەپنىڭ پەزىلىتىنى بىلمىگەنلىكىدىن بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر جامائەتلىرىمىز ئالدىنقى سەپنىڭ پەزىلىتى، ساۋابىنى بىلسە ئىدى، ئۇ چاغدا ئالدىنقى سەپ توشماي تۇرۇپ ئارقىغا يەنە سەپ تۈزۈۋالىدىغان ياكى ئالدىدىكى سەپتە بوش ئورۇن تۇرسا، بوشلۇقنى تولدۇرماي ئارقىدىكى سەپتە تۇرۇپ ناماز ئوقۇيدىغان ئىش بولمايتتى؛ ئەكسىچە، ئالدى سەپتە بوش ئورۇن قالماي قالسا، ئالدى سەپتە تۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىدىغان ھەسرەتلىنىدىغان، ھەر ۋاقىت ئالدى سەپنى بەرمەسلىك ئۈچۈن تىرىشىدىغان ھالەت شەكىللىنەر ئىدى. بۇ توغرىلىق ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: "ئەگەر كىشىلەر ئەزان ئېيتىشنىڭ ۋە ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ ناماز ئوقۇشنىڭ پەزىلىتىنى بىلسە ئىدى، ئاندىن بۇ پەزىلەتكە (ئېرىشىلگۈچىنىڭ كۆپلۈكىدىن) چەك تاشلاش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ دەپ قارىسا، ئەلۋەتتە ئۇ پەزىلەت ئۈچۈن چەك تاشلىناتتى. ئەگەر نامازغا بالدۇر كېلىشنىڭ ساۋابىنى بىلگەن بولسا، ئەلۋەتتە ئۇ نامازغا بالدۇر كېلەتتى. ئەگەر ئۇ بامدات بىلەن خۇپتەننىڭ ساۋابىنى بىلگەن بولسا، گەرچە ئۆمىلەپ بولسىمۇ ئۇ ئىككى نامازغا كەلگەن بولاتتى"(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس). پەيغەمبىرىمىز يەنە: "ئالدىنقى سەپكە ئاللاھ رەھمەت قىلىدۇ. پەرىشتىلەر مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ" دېگەن (ئەبۇ داۋۇت رىۋايەت قىلغان). بىز ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى، رازىلىقىنى ئىزلەپ نامازغا كەلدۇق، بىراق بىر قەدەم ئالدىغا مېڭىپ ئاللاھ رەھمەت قىلىدىغان، پەرىشتىلەر ئالدى سەپتە تۇرغۇچى كىشى ئۈچۈن گۇناھلىرىغا ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدىغان،

سەپلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەللى بولغان ئالدى سەپكە ئىنتىلمىدۇق. بۇ چۈشەنمەسلىك بولماي نېمە؟ ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىدىغان، ساۋابى كۆپ بۇنداق ئىشلارنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن جامائەت چوقۇم دىنىي بىلىملەرنى ئىزدىنىپ ئۆگىنىپ، ئەگىشىپ مېڭىشتىن كۆرە بىلىپ چۈشىنىپ مېڭىشقا مۇشەررەپ بولۇشى كېرەك، نادانلارچە قىلىنغان ئىبادەت ياخشى ئەمەس. قىسقىسى بىز ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا، رەسۇلۇللاھنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىشنى كۆزلەيدىكەنمىز، چوقۇم ئىبادەتلىرىمىزنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يولباشچىمىز رەسۇلۇللاھ قىلغانغا ئوخشاش قىلىشىمىز، چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش ياكى كەم قالدۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك.

بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۈرە ۋە مەيدىلىرىمىزنى تۇتۇپ، سەپنى تۈزەش ئۈچۈن ئۇ تەرەپتىن بۇ تەرەپكە ئارىلاپ: **”ئېگىز-پەس تۇرماڭلار، قەلبىڭلارمۇ قارىمۇ قارشى بولۇپ كەتمىسۇن، دەيتتى“** ۋە يەنە **”ئالدىنقى سەپتىكىلەرگە ئاللاھ رەھمەت قىلىدۇ، پەرىشتىلەر مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ“** دەيتتى (ئەبۇ داۋۇت رىۋايەت قىلغان).

پەيغەمبىرىمىز نامازنىڭ ئالدىدا سەپلەرنى مەخسۇس ئارىلاپ، سەپتە تۈز تۇرمىغان كىشىلەرنىڭ مۈرە ۋە مەيدىلىرىنى تۇتۇپ ياكى ۋەز-نەسىھەت بىلەن سەپلەرنى ئوڭشىغاندى. بۇنداق بولغاندا روھلۇق، جۇشقۇن كەيپىيات شەكىللىنىپ، پىكىرنى مەركەزلەشتۈرۈپ، دۇنيالىق ئىشلارنىڭ ئىشغالىيىتىدىن قۇتۇلۇپ، نامازنى شەيتاننىڭ ئوغرىلاپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولاتتى، شۇنداقلا باي-نامرات، باشلىق-پۇقرا ھەممىمىز مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ بىر سەپتە مۇستەھكەم تۇرغاندا، ھەممە مۇسۇلمانلاردا بىر خىل ئىسلامىي باراۋەرلىكنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئىنسانلارنىڭ بىر-بىرىدىن ئۈستۈنلۈكى يوق، ئاللاھنىڭ باراۋەر قۇللىرى ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىپ، ئىسلامىي قېرىنداشلىق مېھىر-مۇھەببىتىنى ئويغىتاتتى. پەيغەمبىرىمىز سەپتە رۇس تۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى ھەقىقىي بىلگەچكە ئېرىنمەستىن، زېرىكمەستىن، خاپا بولماستىن، (يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك) جامائەتنىڭ پەرز نامىزىدىكى سېپىنى قول بىلەن تۇتۇپمۇ، نەسىھەت بىلەنمۇ تۈزەپ بولۇپ ئاندىن ناماز باشلىغاندى. بىراق ھازىر ئىمام بولۇۋاتقانلىرىمىزدىن بىر مۇنچىلار تەكبىر ئېيتىلىپ بولغىچە مېھرابقا ئۆتۈپ ناماز باشلايمىز. بىز يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان نامىزىمىزنىڭ سەپلىرى قانداق بولۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز يوق، سەپ بىلەن نامازنىڭ مۇناسىۋىتىنى جامائەتكە چۈشەندۈرمىدۇق، پەيغەمبىرىمىز سەپلەرنى ئارىلىغاندەك سەپلەرنى ئارىلىمىدۇق، ئاددىيسى ئارقىمىزغا ئۆرۈلۈپ سەپلەرگە نەزەر سالمىدۇق. بۇنىڭ بىلەن سەپلەر بوشاپ قالايمىقانلىشىپ، شەيتانغا يوچۇق قېلىش بىلەن، كىشىلەردە بىر-بىرىگە بولغان مېھىر-مۇھەببەت ئاجىزلىشىپ كەتتى. نامازدا رۇس، تۈز تۇرۇش قارىماققا شەكىل مەسىلىسىدەك قىلغان بىلەن، ئۇنىڭ ماھىيەتكە بېرىپ تاقىلىدىغان نازۇك يېرىمۇ بار.

بىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۈممىتى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، نېمە ئۈچۈن سەپلىرىمىزنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەلىم بەرگىنى بويىچە تۈزىمەيمىز؟ جەمئىيەتتە بولۇۋاتقان، ئۆزىمىز شاھىد بولۇپ ياكى بولالمايۋاتقان، دەرھال ئوڭشاش ئىمكانىيىتى بولمايۋاتقان ھەم ئوڭشاشقا قادىر بولالمايدىغان يامان ئىشلارغا قارىتا ۋەز-نەسىھەت قىلىپ چەكلەپ تۇرساق، ئاللاھ خالىسا مەسئۇلىيەت بىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتەر. چۈنكى ناھايىتى مېھرىبان، شەپقەتلىك، رەھىمدىل ئاللاھ بىزنى كۈچىمىز يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمىغان. **”ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ“** {سۈرە«بەقەرە» (2-سۈرە) 286-ئايەت}. **”بىز ئىنساننى پەقەت تاقىتى يېتىدىغان (ئىش) قىلا تەكلىپ قىلىمىز“** {سۈرە«مۆئمىنۇن»(23-سۈرە)(62-ئايەت). بىراق كۈندە بەش قېتىم بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتقان، تۈزەيلى دېسەك قولىمىز بىلەن تۇتۇپمۇ، نەسىھەت ئارقىلىقمۇ تۈزەش ئىمكانىيىتىمىز بولۇۋاتقان ئىشلارغا قارىتا سۈكۈت ئىچىدە يۈرۈۋەرسەك، بۇ مەسئۇلىيەتتىن قايسىمىز قۇتۇلالايمىز؟ چۈنكى ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **”سىلەردىن كىمكى بىرەر يامان ئىشنى كۆرسە ئۇنى ھەرىكىتى ئارقىلىق توسسۇن. ئۇنداق قىلىشقا قادىر بولالمىسا سۆزى ئارقىلىق توسسۇن. بۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا ئۇنىڭغا دىلىدا نارازى بولسۇن، بۇ ئىماننىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى“** (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) دېگەن. مېنىڭچە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قەھرىتان سوغۇق، تومۇز ئىسسىقلاردا جاپالارمۇ راھەت بىلىنىپ، ناماز ئوقۇش ئۈچۈن كەلگەن جامائەتكە بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرسەك، يەنىلا سەل قارايدىغانلىرى بولمىسا كېرەك. بولمىسا پەيغەمبىرىمىزگە ئوخشاش قولىمىز بىلەن تۇتۇپ ئوڭشايلى. جامائەتلىرىمىز ئادەتلەنگۈچە ۋەز-نەسىھەتنى توختاتمايلى. نامازلىرىمىز مۇكەممەل ئادا

بولسۇن، يۈزلىرىمىزمۇ بىر-بىرىمىزگە قارىمۇقارشى بولۇپ كەتمىسۇن، شەيتانغىمۇ پۇرسەت بەرمەيلى. سەپلەردە پەيغەمبىرىمىز دېگەندەك تۇرمىساق نامىزىمىز كامىل ئادا تاپمايدۇ. يۈزلىرىمىزنى ئاللاھ بىر-بىرىمىزگە قارشى قىلىپ قويىدۇ(بەلكىم مەسچىتلىرىمىزدىكى ئىختىلاپلىق ھالەتلەر شۇ بولۇشى مۇمكىن)، شەيتانىڭمۇ نامىزىمىزغا ئارىلىشىشىغا پۇرسەت بېرىپ قويىمىز. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ رازىلىقى، رەسۇلۇللاھنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىشىمىز تەس بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا جامائەتلىرىمىز نامازدا سەپنى رۇس قىلىشنى كىچىك ئىش چاغلىماسلىقى، سۈننەتكە چوقۇم ئەمەل قىلىشى، شۇنىڭدەك «قۇرئان كەرىم» ۋە سۈننەتتە بولمىغان، ھەتتا ئۇنىڭغا زىت ھەر قانداق بىدئەتنى (مەيلى ئۇ چوڭ-كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) چوقۇم تەرك ئېتىشى كېرەك. ئەڭ مۇھىمى، ئىماملىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى ۋە كەڭ جامائەت ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى ئېنىق تونۇپ، بۇ ھەقتىكى تەبلىغ-تەربىيىنى كۈچەيتىشى، كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقاد، ئەقىدە، ئەدەپ-قائىدە، ئىبادەت-رەسمىيەتلەردە، كىشىلىك مۇئامىلىلەردە پەيغەمبىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن ئىككى گۆھەر(«قۇرئان كەرىم» ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى)نى تۇتقا قىلىپ، ھەقىقىي مۆمىنلەردىن بولۇشىغا تۈرتكە ۋە ياردەمدە بولۇشى لازىم. ئاللاھ سەپلىرىمىزنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە تۈزەلىشىمىزگە مۇۋەپپەق قىلغاي-ئامىن!

(ئاپتور: پىچان ناھىيىسىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## بۆھتان چاپلاشتىن ھەزەر ئەيلەڭ

ياقۇپ ئوسمان

بسم الله الرحمن الرحيم
(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

چەيلەپ دوستلۇق گۈللىرىنى ئۆلتۈرىدۇ شۇ بۆھتان،
قەستلەپ ئۆملۈك كۆۋرۈكنى كۆمتۈرىدۇ شۇ بۆھتان.
ئۆرتەپ دىللار بىرلىكىنى كۆيدۈرىدۇ شۇ بۆھتان،
"رەپىق" نىمۇ رەقىپتەك كۆرستىدۇ شۇ بۆھتان.

بۆھتان چاپلاشمۇ بىر خىل يالغانچىلىق بولۇپ، بۇنى ئىسلام دىنىمىز ھارام قىلدى. بۆھتان قىلغۇچىنىڭ مەقستى بىر كىمنىڭ ئابروينى تۆكۈش ياكى بىرەر ئىشنى يوققا چىقىرىش بولۇپ، نۇرغۇن زىيان-زەخمەت بالايى-ئاپەت ۋە مۇسىبەتكە سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى بۆھتان توقۇشتىن ھەزەر قىلدۇرۇپ مۇنداق دېگەن: **"ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) بىلمەستىن بىرەر قەۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار"** {سۈرە«ھۇجۇرات»(49-سۈرە)، 5-ئايەت}. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، مۆمىنلەرنى ئاڭلىغان خەۋەرلەرنىڭ راست-يالغان ئىكەنلىكىنى ۋە خەۋەر قىلغۇچىنىڭ قانداق ئادەملىكىنى تەكشۈرمەيلا ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، كىشىلەردىن گۇمانلىنىپ، بولمىغۇر ئىشنى قىلىپ قويۇپ، كېيىن پۇشايمان- نادامەتتە قىلىپ قالماسلىققا ئاگاھلاندۇرىدۇ.

بۇ ھەقتە ئۇبادە ئىبنى سامىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ساھابىلەردىن بىر كۈنى چۆرەمدە ئولتۇرۇشۇپ ماڭا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئوغرىلىق قىلماسلىق، زىنا قىلماسلىققا، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمەسلىككە، كىشىلەرگە بۆھتان چاپلىماسلىققا بەيئەت قىلدى. ھەر قانداق ئادەم مۇشۇنداق ئىشلاردىن ساقلانسا، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئاللاھ بېرىدۇ. ھەر قانداق ئادەم مۇشۇ ئىشلارنىڭ بىرەرسىنى قىلسا، ئۇنىڭ ئازابىنى مۇشۇ دۇنيادا كۆرسە ئۇنىڭ گۇناھى تۆكۈلىدۇ. ئەگەر بۇ گۇناھلارنى يوشۇرسا ئاللاھ ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە ئازاب قىلىدۇ". مانا بۇ ھەدىستىن كىشىلەرگە بۆھتان چاپلاشنىڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قېرىنداشلار! بىز كىشىلەرگە بۆھتان چاپلاپ، ئۇلارنى جېدەل-ماجىراغا سېلىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى بۇزىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقىمىز كېرەك، ئامىن.

(ئاپتور: مارالبېشى ناھىيىسىدىن، جۈمە مەسچىت خاتىپى)

# ئاللاھ جازانى ھارام قىلدى

ياقۇپ ھەمدۇللا، سادىق ياقۇپ

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئىسلام دىنى دەۋرگە ئەگىشىپ، تەرەققىياتقا ماسلىشىپ، ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغىتىپ، كۈنسېرى تەرەققىي قىلۋاتقان ئىلغار دىن. «قۇرئان كەرىم» ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس دەستۇرى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرىكەت پروگراممىسى، دىنىي قانۇنلارنىڭ ئاساسى، ھالال-ھارام، ياخشى-يامان، ھەق-ناھەقنى ئايرىيدىغان مىزان؛ نادانلار دىلىغا نۇر، دەردمەنلەرگە شىپا، مۆمىنلەرگە ھىدايەت ۋە رەھمەت. قۇرئاندا دىنىي ئەركانلار، ئىمان-ئېتىقاد ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرى بەلگىلىنىپلا قالماستىن، ئىسلام دۇنياسىدىكى سىياسىي، قانۇن، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت، پۇل-مۇئامىلە، ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە چېتىلىدىغان قانۇن- نىزام، ئەخلاقىي مىزانلار مۇپەسسەل كۆرسىتىپ بېرىلگەن، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئەڭ مۇھىم بولغان سودا-سېتىق، پۇل-مۇئامىلە كەسىپلىرىدىمۇ مۇئەييەن قانۇنىيەت، مۇپەسسەل رەسمىيەت، كۈچلۈك مەدەت ۋە رىغبەت بېرىدىغان ئايەت كەرىم، ھەدىس خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا سۈرە«بەقەرە»نىڭ 275-ئايىتىدە: ”**ئاللاھ سودا-سېتىقنى ھالال قىلدى**“ دەپ سودا كەسپىنى ھالال دەپ مۇئەييەنلەشتۈرسە، 62-سۈرە«جۇمۇئە»نىڭ 10-ئايىتىدە: ” **ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا(يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ(يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ) ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار**“ دەپ ئەمر قىلىپ، بىزنى ھەر خىل كەسىپ ۋە تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ھالال رىزىق تېپىپ يېيىشكە چاقىرىدۇ.

ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشى ئۈلگىسى، يېتەكچىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ” **كەسىپنىڭ ئەڭ ياخشىسى كىشىنىڭ ئۆز قولى بىلەن ئىشلىگەن ئىشى ۋە ھالال سودىدۇر**“ دېگەن تەلىمىدە سودىنىڭ ئەڭ ياخشى ھالال كەسىپ ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، سودا-سېتىق تىجارىتىگە رىغبەت بېرىۋاتىدۇ. قەرز، ئېلىم-بېرىم ئىشلىرى توغرىسىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ” **ئەگەر قەرزدارنىڭ قولى قىسقا بولسا، ئۇنىڭ ھالى ياخشىلانغۇچە كۈتۈڭلار، ئەگەر(خەيرلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلسەڭلار قىيىنچىلىقتا قالغان قەرزداردىن ئالىدىغان قەرزنى ئۇنىڭغا) سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتسەڭلار سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر**“ {سۈرە«بەقەرە»(2-سۈرە)، 280-ئايەت}.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق تەلىم بەرگەن: ”**كىمكى ئۆزىگە قەرزدار بولۇپ قالغان ئادەمگە مۆھلەت بەرسە ياكى ئۇنىڭدىن قەرزنى كۆتۈرۈۋەتسە، قىيامەت كۈنى ئۇ ئادەم ئەرشنىڭ سايىسىدە بولىدۇ**“(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). ” **قىيىنىلىپ قالغان قەرزدارغا بەلگىلەنگەن مۇددەتنى ئۇزارتىپ بەرگەن كىشىگە ھەر كۈنى شۇ قەرز مىقتارىدا سەدىقە قىلغانىنىڭ ساۋابى يېزىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر بەلگىلەنگەن مۇددەت توشسا، يەنە ئۇزارتىپ بەرسە ھەر كۈنى قەرزدارغا ئىككى باراۋەر سەدىقە قىلغانىنىڭ ساۋابى يېزىلىپ تۇرىدۇ**“ («سەھىھ ھەدىس»، 546). ”**جەننەتكە كىرىپ ئۇنىڭ دەرۋازىسىدا ’سەدىقىغە 10 ساۋاب، قەرز بەرگەنگە 18 ساۋاب‘ دېگەن ئىبارىنى كۆردۈم. مەن ھەمراھىمدىن سورىدىم: ’ئەي دوستۇم جىبرىئىل، نېمىشقا سەدىقىغە 10، قەرزگە 18 ساۋاب بېرىلىدۇ؟‘ جاۋاب بەردىكى: ’سەدىقە باي كەمبەغەلنىڭ قولىغا چۈشۈشى مۇمكىن. قەرز بولسا پەقەت مۇھتاج بولغان ئادەم قولىغا چۈشىدۇ‘** “(«سەھىھ ھەدىسلەر» 310). يۇقىرىدىكى ئايەت-ھەدىسلەردىن، سودىگەرلەر ۋە بايلارنىڭ پېقىر-مىسكىن، ئاجىز، موھتاجلارغا قەرز بېرىشى كاتتا سەدىقە، ساۋاپلىق ئىش ئىكەنلىكى، قەرزدارلارنىڭ ئىمكانى يار بەرگىچىلىك يول قويۇش، ھەتتا سەدىقە قىلىۋېتىشى مۇسۇلمانلارنىڭ ئېسىل

پەزىلىتى، گۈزەل ئەخلاقى بولۇپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كاتتا مۇكاپات، ياخشى دەرىجىگە ئېرىشىدىغانلىقى ئېنىق. ئىنشائاللاھ! سودىگەرلەر ۋە بايلارنىڭ پېقىر-مىسكىن، ئاجىز يېتىملارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشى سودىگەرچىلىك ئەخلاقى، ئىنساپ تەۋپىقى، كىشىلىك پەزىلىتىنىڭ ئۆلچىمىدۇر، ئاللاھ زاكات، سەدىقە-پىتىر ئارقىلىق قانۇنلاشتۇرغان رەسمىي ئادەتتۇر. ئەكسىچە، سودىدا ساختىپەزلىك قىلىدىغان، ئۆلچەم-تارازىدا كەم بېرىدىغان، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق قىلىدىغان، بېسىمدارلىق، جازانىخورلۇق قىلىدىغانلارنى ئاللاھ قاتتىق چەكلەپ مۇنداق خىتاب قىلغان: "**ئى مۆمىنلەر! جازانىنى قاتمۇقات ئاشۇرۇپ يېمەڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھ (نەھى قىلغان ئىشلارنى تەرك ئېتىپ) قورقۇڭلار**" {سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 130-ئايەت}. "**ئاللاھ جازانىنىڭ (بەرىكىتىنى) ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. سەدىقىنىڭ (بەرىكىتىنى) زىيادە قىلىدۇ. ئاللاھ ھەر بىر ناشۈكۈر (يەنى جازانىنى ھالال سانىغۇچى) گۇناھكارنى دوست تۇتمايدۇ**" {سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 276-ئايەت}. "**جازانە، ئۆسۈم يېگەن ئادەملەر (قىيامەت كۈنى) گۆرلىرىدىن جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەك قوپىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشنى ھالال بىلىپ: 'سودا-سېتىق جازانىگە ئوخشاش، (جازانە نېمىشقا ھارام بولىدۇ؟)' دېدى. ئاللاھ سودا-سېتىقنى ھالال قىلدى. جازانىنى (بەدەلسىز بولغانلىقى، شەخسكە، جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن) ھارام قىلدى... جازانە قىلغانلار ئەھلى دوزاخ بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ**" {سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 275-ئايەت}. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق ۋەسىيەت قىلغان: "**جازانىخورلۇق قىلىپ پايدا ئالغۇچى بىلەن ئۇنى بەرگۈچىنىڭ گۇناھلىرى باراۋەردۇر**" («سەھىھ ھەدىسلەر»). "**كىمكى مۆمىنلەردىن پايدا ئېلىش ئۈچۈن ئۆزىدە غەللە ساقلىسا (بېسىمدارلىق قىلسا)، ئۇ خاتا قىلغان بولىدۇ. ئاللاھ بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بەرگەن ئەھدۇ پەرمانىنى بۇزغان ھېسابلىنىدۇ**" («سەھىھ ھەدىس»). يۇقىرىقى ئايەت كەرىم، ھەدىسلەردە جازانىخورلۇقنىڭ خاراكتېرى، گۇناھلىرى، ئاقىۋىتى كونكرېت كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ئېنىقكى، ئاللاھ جازانىنى نەھى قىلدى، ئاللاھ جازانىنىڭ بەرىكىتىنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، جازانە ھارام، جازانىخور گۇناھكار، گۇناھىغا تەۋبە قىلمىسا، تۈزەتمىسە ئەھلى دوزاخ. مۇسۇلماننىڭ خىيانەت قىلىپ، جازانە ئېلىپ، زۇلۇم سېلىپ بىراۋدىن پايدا ئالماقچى بولۇشى ئىسلام دىنىنىڭ پاك روھىغا، سودا ئەخلاقىغا زىت كېلىدۇ. بۇنداق ئاچكۆزلۈك، نەپسانىيەتچىلىك ۋە بېخىللىق ئىنتايىن ناچار سۈپەت، يامان ئىللەت. گۇناھ مەسىيەت بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنداقلارغا غەزەپ قىلىدۇ. مۆمىنلەر لەنەت ئوقۇيدۇ. مۇسۇلمانلار ئاللاھقا تەقۋادارلىق، سىلە-رەھىم، سەدىقە، زاكات قاتارلىق ياخشى ئەمەللەر بىلەنلا يېقىنلىشالايدۇ.

جازانە دېگىنىمىز پۇل ۋە ماللاردىن ئالىدىغان يۇقىرى ئۆسۈمدىن ئىبارەت. جازانە تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل بولىدۇ: بىرىنچى، يۇقىرى ئۆسۈم جازانىسى. بۇنىڭدا پۇل ۋە مالنى ئوخشاش تۈردىكى نەرسىدىن قايتۇرۇشقا يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن قەرزگە بېرىدۇ. مەسىلەن: دېھقان ئەتىيازدا 2 تاغار بۇغداي ئۆتنە ئالسا، كۈزدە 3 تاغار بۇغداي قايتۇرىدۇ. مالچى كۆكلەمدە بىر قوي قەرز ئېلىپ، كۈزدە پاقلىنى بىلەن ئىككىنى قايتۇرىدۇ. سودىگەر 1000 يۈەن قەرز بېرىپ 1400 يۈەن قايتۇرۇپ ئالىدۇ. ئىككىنچى، نېسى جازانە. بۇ خىل جازانىدە قەرز بەرگۈچى مەلۇم پۇل ياكى مالنى مەلۇم مۇددەت بەلگىلەپ يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن قەرزگە بېرىدۇ. مۇددىتى توشۇپ قەرزنى قايتۇرالمىسا، ئۆسۈم نىسبىتىنى دىرى بىلەن قوشۇپ يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن مەلۇم سۈرۈك ۋاقىت بېرىدۇ، يەنە قايتۇرالمىسا ئۆسۈمى شىددەت بىلەن ئۆرلەپ ھەتتا ئۆسۈمى دىرىدىن ئېشىپ كېتىدۇ-دە، قەرزدارنى قەرزگە بوغۇپ، ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىدۇ.

بېسىمدارلىق قىلىپ پايدا تېپىشمۇ جازانىنىڭ تۈرىگە كىرىدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: "**پەقەت گۇناھكار ئادەملەرلا بېسىمدارلىق قىلىدۇ**" (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). "**كىمكى 40 كۈن بېسىمدارلىق قىلسا، ئۇ ئاللاھتىن يىراقلىشىدۇ. ئاللاھمۇ ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ**" دېگەنىدى. دېمەك، جازانە، بېسىمدارلىق موھتاجلارغا، ئاجىز يوقسۇللارغا ئاپەت خاراكتېرلىك زىيان سالىدۇ. جازانە شەخسكە ھەم جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغاچقا ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمىز ئۇنى ھارام دەپ ھۆكۈم قىلغان. ئىسلام دىنىمىز پېقىر، مىسكىن قەرزدارلارغا زاكات بېرىشنى پەرز قىلغان ھەم سەدىقە-پىتىر، سىلە-رەھىم قىلىشقا تەۋسىيە قىلىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن كىشىلەر ئارىسىدا ئادىل بولۇشقا، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشقا، خىش-ئەقرىبالارغا سىلە-رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. قەبىھ سۆز-ھەرىكەتلەردىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ." **نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ، ئاللاھ سىلەرگە پەند-نەسىھەت قىلىدۇ**" {سۈرە «نەھل» (16-سۈرە)، 90-ئايەت}. شاپائەتلىك،

مۇررۇۋۋەتلىك پەيغەمبىرىمىزمۇ: **”ھەر بىر شەيئىنىڭ بىر ئاچقۇچى بار، جەننەتنىڭ ئاچقۇچى مىسكىن، پېقىرلارنى سۆيۈش (ھىمايە قىلىش)“**(«سەھىھ ھەدىسلەر»، 446) دېگەنىدى. پېقىر-مىسكىن، يېتىم-يېسىرلارغا يار-يۆلەك بولۇش ئىسلامدا ياخشى ئەمەل، ياخشى پەزىلەت، كاتتا ساۋاب ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم تەشەببۇسى. روھىي دۇنياسىنى ئاللاھنىڭ نەسىھىتى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى بىلەن پاكلىغان، ۋۇجۇدىغا گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەتلەرنى مۇجەسسەملىگەن ئىمانى كامىل تەقۋادارلارنىڭ مۇرادى ھاسىل بولغاي، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا دەرىجىسى ئالىي بولغاي-ئامىن!

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، ئىسلاھ قىلىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆسمەكتە. بىر مۇنچە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزمۇ تەرەققىياتقا ئەگىشىپ، دەۋرگە ماسلىشىپ، تەڭ قەدەمدە ئىلگىرىلەپ، سودا-سېتىق، تاۋار ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بازارغا يۈزلىنىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ھالال كەسىپ قىلىپ، بەرىكەت تېپىپ ئالدىن بېيىدى. باي بولغاندا ئۆز يۇرتىنى، قەۋم-قېرىنداشلىرىنى، پېقىر-مىسكىنلەرنى ئۇنتۇپ قالماي يۆلىدى. بەزىلەر يۇرتداشلىرىنىڭ بازارغا يۈزلىنىپ تىجارەت باشلىۋېلىشىغا ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ دەسمايە سېلىپ بەردى. بەزىلەر يېتىم-يېسىر، مىسكىنلەرگە ئۈزۈلدۈرمەي ياردەم قىلدى. بەزىلەر جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرى ئۈچۈن تۈمەنلەپ، مىليونلاپ مەبلەغ سالدى. ئەمما ئاز ساندىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئېتىقادى سۇس، سودا ئەخلاقى ناچار بولغانلىقتىن ھالال-ھارامنى ئايرىماي، پۇل-ماللىرىنى موھتاجلارغا يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن قەرزگە بېرىپ جازانىخورلۇق قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 40 پىرسەنت بولۇپ، كىشىنى چۆچۈتىدۇ. مۇسۇلمانلىققا يات بۇنداق ئاچكۆزلۈك، بېخىللىق، ئىنساپسىزلىق «قۇرئان كەرىم» ۋە پەيغەمبىرىمىز ھەدىسلىرىنىڭ روھىغا خىلاپ. «قۇرئان كەرىم»نىڭ «بەقەرە» سۈرىسى 275-ئايىتىدە ئاللاھ تائالا جازانىنى ھارام دەپ ئېنىق ھۆكۈم قىلدى ۋە **”ئى مۆمىنلەر! جازانىنى قاتمۇقات ئاشۇرۇپ يېمەڭلار“**{سۈرە«ئال ئىمران»(3-سۈرە)، 130-ئايەت}، **”ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشىغىلا ئەگىشىدۇ. ئاللاھ ۋەھيى قىلغان توغرا يولنى قويۇپ نەپسى خاھىشىغىلا ئەگەشكەن كىشىدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟ ئاللاھ ھەقىقەتەن زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ“**{سۈرە«قەسەس»(28-سۈرە)، 50-ئايەت}، **”ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ ئەرزىمەس پۇل-مېلىنى(ھارام بىلەن ھالالنى ئايرىماي قارىقويۇق) ئالىدۇ ۋە‘ بىزنى ئەپۇ قىلىدۇ‘ دەيدۇ“**{سۈرە«ئەئراف»(7-سۈرە)، 169-ئايەت} دېدى. بۇ ئايەتلەردە ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى نەپسى بالا جازانىدىن، ھارامدىن، ئازغۇنلۇقتىن، زالىملىقتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان. ئاللاھنىڭ بېشارەتچىسى، گۇۋاھچىسى، ئاگاھلاندۇرغۇچىسى بولغان پەيغەمبىرىمىزمۇ: ”**بىر ئادەمنىڭ بىلىپ تۇرۇپ بىر دىرھەم جازانە يېيىشى 36 قېتىم زىنا قىلغاندىن يامان**“(ئەھمەد رىۋايەت قىلغان). ”**بىراۋغا زىيان يەتكۈزگۈچى ئادەمنىڭ زىيىنىنى ئاللاھ ئۇنىڭ ئۆزىگە قايتۇرىدۇ. بىراۋغا قىيىنچىلىق كەلتۈرگۈچى ئادەمنىڭمۇ بېشىغا مۈشكۈل كۈنلەرنى سالىدۇ**“{«سەھىھ ھەدىسلەر»دىن}. ”**ئەي ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئاللاھ قىيىنچىلىقنى ھېچكىمگە راۋا كۆرمەيدۇ. ئەمما زۇلۇم قىلىپ بىراۋنىڭ مۈلكىنى ئالغان ئادەم ئازاب ۋە ھالاكەتكە مەھكۇمدۇر**“{«سەھىھ ھەدىسلەر»دىن}. ”**ھارام نەرسىلەردىن ساقلان، ئادەملەر ئىچىدە ئىبادەتلىكرەك ئادەم بولىسەن. قوشناڭغا ياخشىلىق قىل، تىنچ بولىسەن. ئۆزەڭ ياخشى كۆرگەن نەرسىنى باشقا ئادەملەرگىمۇ راۋا كۆرگىن، سالامەت يۈرىسەن. تولا كۈلمە، كۈلۈش دىلنى ئۆلتۈرىدۇ**“ («سەھىھ ھەدىسلەر»دىن) دەپ، بىزنى جازانىدىن، باشقىلارغا زىيان سېلىشتىن، زۇلۇم قىلىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ، بۇ خىل گۇناھلارنىڭ ئاقىۋىتى، جازاسىدىن ئاگاھلاندۇرغان. شەرىئەت ھۆكمىدە ئەڭ ئېغىر جازا زىناخورنىڭ جازاسى بولۇپ، چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇلىدۇ. جازانىخورلۇق قىلىپ بىر دىرھەم پايدا ئالغانىنىڭ جازاسى 36 قېتىم زىنا قىلغاندىن يامان بولسا، ئۆزىڭىز ھېسابلاپ كۆرۈڭ، جازانىخورلۇق نېمىدېگەن قەبىھ، چوڭ گۇناھ! ئادەم ئەخلاق-پەزىلەت، ئىنساپ دىيانەت، ئېھسان مۇررۇۋۋەتتىن ئىبارەت روھىي بايلىقنى ماددىي بايلىقتىن ئەلا بىلىشى، مال-دۇنيا، پايدا-مەنپەئەت ئۈچۈن ئادىمىيلىك خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ قويماسلىقى كېرەك. بۇ دۇنيالىقنىلا كۆزلەپ، ئاخىرەتنى ئۇنتۇپ قالغانلار بۇ دۇنيالىقتا ئاپەت-ھالاكەتكە، ئاخىرەتتە قاتتىق جازا — دوزاخقا مەھكۇم بولىدۇ.

جازانىنى ئەرەبچىدە ”رىبا“ دەيدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ جازانىنى”ھارام“ دەپ قاتتىق چەكلىشىنىڭ مۇنداق رېئال ئەھمىيىتى بار:

1. دىنىمىزنىڭ قارىشىدا شەخسىي مال-مۈلۈك

مۇقەددەس، ھېچكىمنىڭ دەخلى-تەرۇز قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە تايىنىپ پېقىر-مىسكىن، موھتاجلارنى قاقتى-سوقتى قىلىپ، قارىغۇنى تار يەردە قىستاپ جازانە ئېلىش ھارام. دىنىمىز شەرىئەت ئارقىلىق جازانىنى چەكلەپ، پېقىر-مىسكىنلەرنىڭ خۇسۇسىي مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ.

2. دىنىمىز جازانىنى ھارام قىلىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى نەپسانىيەتچىلىك، شەخسىيەتچىلىك، ئاچكۆزلۈك، بېخىللىق، ھىيلە-مىكىر بىلەن پايدا ئېلىش، باشقىلارغا ئىقتىسادىي زۇلۇم سېلىشتەك يامان ئىشلاردىن خالىي قىلالايدۇ. جازانىخورلۇق، بېسىمدارلىق ئىنتايىن ناچار ئىستىل بولۇپ، كىشىلەرنى ئۆزئارا ئۆچ-ئاداۋەت، غەزەپ-نەپرەت، جاڭجال-نىزاغا سېلىپ، يۇرت-مەھەللىنىڭ تىنچ-ئامانلىقى، خەلقنىڭ خاتىرجەملىكى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا زىيان يەتكۈزىدۇ.

3. مۇسۇلمانلارنى ھالاكەتلىك گۇناھى كەبىردىن خالىي قىلالايدۇ. جازانىخورلۇق گۇناھى كەبىر، ھالاكەتلىك گۇناھ بولۇپ، زۇلۇم-زالالەت، گۇناھ-مەئسىيەتكە سەۋەبكاردۇر. جازانىخورلار قان-تەر تۆكمەي ئاسان تاپقان پۇلنى بۇزۇپ-چېچىپ، قىمار ئويناپ، زىنا قىلىپ، بۇزۇقچىلىق يولىغا كىرىپ ھالاكەتكە يۈزلىنىدۇ.

4. جازانىدىن ئىبارەت ھارام پۇلغا ئۆگەنگەندە جازانىخورلار تىرىكتاپ، زومىگەر، ھارامخور، ئۇششۇق، نومۇسسىز بولۇپ قالىدۇ، ھالال ئەمگەكتىن، ھالال سودا-سېتىقتىن، ئادىل، توغرا مۇئامىلىدىن بارغانچە چەتنەپ، بەئەينى قان شورىغۇچ پارازىتقا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق يامان ئادەت، يامان ئادەملەر ئۆزگەرتىلمىسە، ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇش ئىشلىرىمىزغا ئېغىر نۇقسان يېتىدۇ.

5. جازانە ئادەمنى بېخىل، ئاچكۆز، قارا نىيەت، تاماخور، ھارامنى يەيدىغان گۇناھكار قىلىپ قويىدۇ. پۇل بايغا، سۇ سايغا ئېقىپ، جازانىخورلار تېز باي بولۇپ، تەييارتاپ، زالىملار تەبىقىسىنى شەكىللەندۈرسە، قەرز، جازانە دەستىدىن يوقسۇز-گادايلار تەبىقىسى شەكىللىنىپ، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈپ، ئارىدا زىددىيەت ئۆتكۈرلىشىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا نۇقسان يېتىدۇ. شۇڭا جازانە دىنىمىزدا ھارام قىلىنىپ قاتتىق چەكلەنسە، دۆلىتىمىز قانۇنىدا قانۇنسىز تىجارەت دەپ چەكلىنىدۇ.

«ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ قەرز دېلولىرىنى سوت قىلىشقا دائىر بىر نەچچە پىكىر»دە: "خەلق سوت مەھكىمىلىرى قەرز دېلولىرىنى سوت قىلىشتا ئىختىيار قىلىش، ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ئادىل بولۇش، قانۇنلۇق بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن ھەقدارلار ۋە قەرزدارلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق مەنپەئەتى قوغدىلىشى، يۇقىرى ئۆسۈم ئېلىشنى چەكلىشى كېرەك" دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ «پىكىر»نىڭ 6-تارمىقىدا: "پۇقرالار ئارىسىدىكى قەرزنىڭ ئۆسۈمى بانكا ئۆسۈمىدىن مۇۋاپىق تۆردە يۇقىرىراق بولسا بولىدۇ. بۇنى جايلاردىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ كونكرېت ئىگىلىسە بولىدۇ. لېكىن ئەڭ يۇقىرى بولغاندا بانكىنىڭ شۇ خىلدىكى قەرز پۇل ئۆسۈمىنىڭ تۆت ھەسسىسىدىن(جۈملىدىن ئۆسۈمنى دىرىدىن) ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ" دېيىلگەن بولسا، 7-تارمىقىدا "قەرز بەرگۈچى ئۆسۈمنى دىرىگە كىرگۈزۈپ يۇقىرى ئۆسۈم ئېلىشقا بولمايدۇ" دەپ ئېنىق قىلىپ، قانۇنىي چەكنى ئوتتۇرىغا قويغان. لېكىن جازانىنى كەسىپ قىلىۋالغان بايلار نومۇس قىلماي، ئىسلام شەرىئىتى ۋە دۆلەت قانۇنلىرىنىمۇ كۆزگە ئىلماي، زەھەرلىك ئۆسۈم بىلەن جازانىخورلۇق قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا، شەخسكە ھەم جەمئىيەتكە زىيانلىق بۇ ئاپەت يىلتىزلىرىنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىماي بولمايدۇ. ئاللاھ جازانىنى ھارام قىلدى. دۆلەت قانۇنىمىز قەرزدارلارنىڭ قانۇنىي مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ. بىز بۈيۈك، مۇقەددەس «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەگەشكۈچىلىرى، دىلىمىزنى يورۇتقۇچى، گۈزەل ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرغۇچى شانلىق يېتەكچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرەپلىك ئۈممەتلىرى. بىز بۈگۈنكى كۈندە «قۇرئان كەرىم» ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنىڭ روھى بويىچە، جەمئىيەتىمىزدىكى بېخىللىق، ئاچكۆزلۈك، جازانىخورلۇقتەك بالايى ئەزىم، يامان مەرەزلەرنى يوقاتمىساق بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا بىزنى: "**(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر**" {سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 110-ئايەت} دېگەن ئەمەسمىدى. ئاللاھنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلايمىز، ئەلۋەتتە!

(ئاپتورلار: مورى ناھىيىسىدىن.

تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)



# يول-كۆۋرۈك ياساش، ئاسراشمۇ ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر

ئۆمەرجان خۇدەبەردى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

يول-كۆۋرۈك بارلىق ئىنسانلار ئۈچۈن مۇھىم بولغان جامائەت ئەسلىھەسى بولۇپ، ئۇنى ئورتاق ياساشقا، ئاسراشقا ۋە قوغداشقا توغرا كېلىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: " **ئىمان يەتمىش نەچچە شاختۇر، ئۇنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ‹لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ› كەلىمىسىنى تىلى بىلەن ئىقرار قىلىپ، چىن دىلى بىلەن تەستىق قىلماق. ئىماننىڭ ئەڭ ئاددىيسى يوللاردىكى ئىنسانلارغا زىيان يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىشتۇر**" دېگەن. يەنە بىر ھەدىستە: "**بىر ئادەم يولدا كېتىۋېتىپ، بىر تال تىكەنلىك شاخنى يولدىن ئېلىۋەتتى، ئاللاھ ئۇنىڭ ئەمەلىنى قوبۇل قىلىپ، گۇناھىنى مەغپىرەت قىلدى**" دېيىلگەن.

خەلقىمىز ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مىڭ يىللاردىن بۇيان مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلىرىمىز يۇقىرىدىكى ھەدىسلەرگە ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كەلدى ۋە كەلمەكتە. ئەمدىلا 34 ياشقا كىرگەندە 500 مىڭ يۈەن چىقىرىپ، «يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى‹گۈلزار مۇكاپاتى›»نىڭ تەسىس قىلىنىشىغا ئاساس سالغان مەردانە، سېخىي ئوغلان، مەرھۇم مامۇتجان داۋۇتنىڭ ئانا يۇرتى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ بەشئېرىق يېزىسىدىكى 70 كىلومېتىرلىق توپىلىق يولنى تاش يول قىلىپ ياساشقا 70 مىڭ يۈەن سەرپ قىلغانلىقى يۇقىرىقى ھۆكۈمگە دەلىل بولالايدۇ.

ئەمما مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىزنىڭ قائىدە-ئەھكاملىرىدىن، ئىنسانىي ئەخلاق ئۆلچەملىرىدىن خەۋەرسىز ياشاۋاتقان، شەخسىيەتچىلىكى كۈچلۈك، ئىمانى سۇس بىر قىسىم كىشىلەر يۇقىرىقى ھەدىسلەرگە تولۇق رىئايە قىلىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ ھەم بۇ مەسىلىنىڭ مۇھىملىقىغا سەل قاراۋاتىدۇ. يېزىلاردا بەزىلەر ئۆزىنىڭ ئازغىنە مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، يولنى ئاسان بۇزۇپ زېدە قىلىۋېتىدىغان زەنجىر تاپان تراكتور، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى قاتارلىق ئېغىر ماشىنىلارنى يېزا-كەنت يوللىرىدا قالايمىقان ھەيدەش، ئوت-چۆپلەرنى يۇمشىتىش ئۈچۈن يولغا يېيىپ قويۇش، سۇ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن يولدىن ئېرىق-ئورەكلەرنى كولاش، ياغاچ كېسىپ ئۇنى ۋاقتىدا يۆتكىمەي يولنى ئېتىۋېلىش، ئىشىك ئالدىدىكى يولغا ياغاچ، تاش، خىش-كېسەك، قىغ دۆۋىلەش ئارقىلىق يولنى تارلاشتۇرۇپ قويۇش، باللىرى يولغا چوڭ-كىچىك تەرەت قىلىپ قويسا توسماسلىق، ئۆيىدىن چىققان كۈل-ئەخلەت، يۇندىلارنى يولغا تۆكۈش قاتارلىق شەخسىيەتچىل قىلمىشلارنى سادىر قىلىپ، يول قىستاڭچىلىقى ۋە مۇھىت پاسكىنىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، غەيىمدە يوق يۈرۈۋاتىدۇ. ئۇلار بۇ يولدىن خەق ئۆتەر دەپ ئويلىمىغاچقا، باشقىلارمۇ بۇنداق شەخسىيەتچى ئادەملەرگە لەنەت-نەپرەت ئوقۇپ ماڭىدۇ. شەھەر-بازارلاردا بولسا بىر قىسىم ئاچكۆز كىشىلەر شەخسىي ئۆي سالغاندا بىرەر مېتىر يەرنى كۆزلەپ(بەزىدە ئۆز ئارا بەسلىشىپ) پاسىل تېمىنى يول ئىچىگە سىغداپ كىرگۈزۈپ، ئالاقىدار ئورۇنلار تەرىپىدىن قانۇنلۇق بېكىتىپ بېرىلگەن يولنىمۇ تارايتىۋاتىدۇ، يەنە بەزىلەر يول بويلىرىدىن ئېرىق چېپىپ، كوچەت تىكىش باھانىسى بىلەنمۇ يولنى تارايتىۋاتىدۇ. بۇنداق ئادەملەرگە يۇقىرىدىكى ھەدىسلەرنى ۋە ئەجدادلىرىمىزنىڭ "يولنى قىستىغان ئادەمنى گۆر قىستايدۇ" دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىنى قايتا ئەسكەرتىش كېرەك.

«قۇرئان كەرىم»دە: " **بۇ كۈندە كىشىلەر قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش (يەنى نەتىجىسگە ئېرىشىش) ئۈچۈن توپ-توپ بولۇپ تارىلىپ كېتىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ**"{سۈرە «زەلزەلە»

(99-سۈرە)، 6—8-ئايەتلەر} دېيىلگەن.

ئۇمۇمەن ئېيتقاندا، بىز مۇسۇلمانلار ئۆزىمىزنىڭ ھەر بىر سۆز-ھەرىكىتىمىزنى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەرنىڭ روھىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، يول قاتنىشىغا ۋە يول پاكىزلىقىغا دەخلى يەتكۈزىدىغان ئاشۇنداق بولمىغۇر ئىشلاردىن قول ئۈزسەك، بۇ ھەقتە مۇمكىنقەدەر باشقىلارغا نەسىھەت قىلساق، بالىلىرىمىزنى ياخشى تەربىيىلىسەك، قىسقىسى ھەر بىرىمىز قولىمىزدىن كېلىدىغان ياخشى ئىشلارنى قىلساق، ئۆزىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى مۇسۇلمانلىق بۇرچىمىزنى ئادا قىلغان بولىمىز. شۇڭا ھەممىمىز بىر نىيەت بىر مەقسەتكە كېلىپ، شارائىت يار بەرگەن ئەھۋالدا ئۆزىمىز تۇرۇۋاتقان دائىرىدىكى يول-كۆۋرۈكلەرنى ياساش، ئاسراش ئىشلىرىغا ئورتاق كۈچ چىقىرايلى. پۈتكۈل كائىناتنى ۋە پۈتكۈل ئىنسانلارنى ياراتقۇچى ئاللاھ تائالانىڭ مەرھەمىتىدە پاكىز ۋە راۋان يوللىرىمىز ھەممىمىزنى مۇرات-مەقسەتلىرىمىزگە ۋە مەنزىلىمىزگە يەتكۈزگەي. ئامىن!

(ئاپتور: چىرا ناھىيە گۇلاخما يېزىسىدىن؛

تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## كىبىر ۋە ماھىيەت

كىبىر — چوڭچىلىق قىلماق، ئۆزىگە مەستانە بولماق دېمەكتۇر. ئىنسانلارغا كەمتەر بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ كىبىر ۋە ھاكاۋۇرلۇقتىن يىراق تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

دىنىمىز كىبىر ۋە ھاكاۋۇرلۇقنى مەنىۋى بىر كېسەللىك سۈپىتىدە كۆرىدۇ. چۈنكى بۇ ئەسكى خۇيلار ئىنسانلارنىڭ بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشىگە ۋە بىر-بىرى بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈشىگە توسالغۇدۇر. ئۆزىنى چوڭ بىلىدىغان ئىنسانلارنى كىشىلەر ياخشى كۆرمىگەندەك، ئاللاھمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»دە كەمتەرلىك مەدھىيىلەنگەن؛ كىبىر، يەنى ئۆزىنى چوڭ بىلمەك ۋە ھاكاۋۇرلۇق ئەيىبلەنگەن.

مۇسۇلمان ئۈچۈن كەمتەر ۋە كىچىك پېئىل بولۇش ئاساسىي خىسلەتتۇر. كىبىر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە ياراشمايدىغان بىر پوزىتسىيەدۇر. «قۇرئان كەرىم»دە: "**كىشىلەردىن مەنسىتمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرۈمىگىن، زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ**" {سۈرە «لوقمان»(31-سۈرە)، 18-ئايەت} دېيىلگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىغا كىچىك پېئىل بولسا ئاللاھ ئۇنىڭ شان-شەرىپىنى يۇقىرىلىتىدۇ؛ كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىغا تەكەببۇرلۇق ھەم چوڭچىلىق قىلسا ئاللاھ ئۇنى خار قىلىدۇ" («ئەتتەرغىب ۋەتتەرھىب»، 5-جىلد، 561-بەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: "ئاللاھ گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ. كىبىر ھەقنى قوبۇل قىلماسلىق ۋە ئىنسانلارنى پەس كۆرۈشتۇر" (مۇسلىم رىۋايىتى) دەپ، مۆمىنلەرنىڭ ئۆز قىلىق-ھەرىكەتلىرىدە دۇرۇس بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

كىبىر قوپاللىقنىڭ، تەنتەكلىكنىڭ بىر نەتىجىسىدۇر. كىبىرنىڭ ئەكسى بولغان كەمتەرلىك بولسا پىشىپ يېتىلگەنلىكنىڭ، ئىماننىڭ، ئەخلاق-پەزىلەتلىك بولۇشنىڭ بىر مېۋىسىدۇر. كەمتەرلىك بىر مۇسۇلماندا بولۇشى كېرەك بولغان ئىشلارنىڭ بېشىدا كېلىدۇ.

بىر مۇسۇلمان باشقا ئىنسانلارنى ئەسلا پەس كۆرمەيدۇ، ئۇلارغا چوڭچىلىق قىلمايدۇ. ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان، باشقىلارنى كەمسىتىدىغان ئادەم كىشىلەر ئارىسىدا نەپرەتكە ئۇچرايدۇ. جامائەت ياخشى كۆرمىگەننى ئاللاھمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)

# باشقىلارنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە رۇخسەت سوراش ۋە ئۇنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى

ئىسمائىل ياقۇپ

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناهايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئاللاھ تائالا بىز مۇسۇلمانلارنى ئەدەپلىك، هايالىق ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتتە گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشقا بۇيرۇش بىلەن بىرگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق گۈزەل ئەخلاقلىرىنى بىزگە ئۈلگە قىلدۇرۇپ ماختاپ: "**(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىگىسەن**" {سۈرە «قەلەم» (68- سۈرە)، 4- ئايەت} دېگەن. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ئايەتتە ماختالغان گۈزەل ئەخلاقلىرىدىن بىرى بولغان، باشقىلارنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە رۇخسەت سوراپ كىرىش ھەققىدىكى ئەدەپ- ئەخلاق ۋە تەلىماتلارنى «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف» كە ئاساسەن تۆۋەندىكىچە بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن:

1. باشقىلارنىڭ ئۆيىگە كىرمەكچى بولغان كىشى ئۆي ئىگىسىدىن رۇخسەت سورىشى ۋە "ئەسسالامۇئەلەيكۇم" دەپ سالام قىلىپ كىرىشى لازىم. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: "**ئى مۆمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگىچە كىرمەڭلار، ۋەز- نەسىھەت ئېلىشىڭلار (يەنى بۇ گۈزەل ئەخلاق- ئەدەپكە ئەمەل قىلىشىڭلار) ئۈچۈن بۇ (يەنى ئىجازەت سوراپ ۋە سالام بېرىپ كىرىش ئۇشتۇمتۇت كىرىشتىن) سىلەرگە ياخشىدۇر**" {سۈرە «نۇر» (24- سۈرە)، 27- ئايەت}. بۇ ئايەتتىن ئىجازەت سوراپ ۋە سالام قىلىپ كىرىشنىڭ ياخشىلىق ۋە ھۆرمەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز؛ ئىجازەت سورىمايلا، سالام قىلماستىن چاھارپايلاردەك ئۇسۇپلا كىرىۋەرسە، ئۇ ئائىلە كىشىلىرىدە ئۆزىنى ئوڭشاپ بولالماي، خىجىل بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىپ قالىدۇ-دە، كىرگۈچىگە نارازىلىق تۇغۇلىدىغان ۋە ئۇ كىشىنىڭ ھۆرمىتى تۆكۈلىدىغان ئىش بولىدۇ. شۇڭا يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، يەنە ئاللاھ تائالا ھېچ ئادەم بولمىغان ۋە ئىجازەت بېرىلمىگەن ئۆيلەرگە (ھەرخىل تۆھمەتلەرگە قالماسلىق ئۈچۈن) كىرمەسلىكنى، ئەگەر "قايتىپ كېتىڭلار" دېگەن ئاۋاز ئاڭلانسا، قايتىپ كېتىشنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: "**ئەگەر باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىدە ھېچ ئادەم بولمىسا سىلەرگە ئىجازەت بېرىلمىگىچە كىرمەڭلار، ئەگەر سىلەرگە قايتىڭلار دېيىلسە، قايتىپ كېتىڭلار، قايتىپ كېتىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىدىغان ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر**" {سۈرە «نۇر» (24- سۈرە)، 28- ئايەت}. مانا بۇ ئايەتتىن ئائىلىلەردە كۈتۈلمىگەن تۇيۇقسىز كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈش قولايسىز بولىدىغانلىقى ياكى ئەر-ئايالىق مۇناسىۋەتنىڭ تەبىئىي يۈز بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئاللاھ تائالا ئوبدان بىلگەنلىكى ئۈچۈن، "قايتىپ كېتىڭلار" دېيىلسە، خاپا بولۇپ كەتمەستىن، بەلكى خۇشاللىق بىلەن قايتىپ، باشقا بىر كۈنى كېلىشنى بۇيرۇغانلىقى ئايان بولىدۇ.

2. كارخانا ۋە دۇكان- سارايلارغا ئوخشاش كىشىلەر كىرىپ چىقىپ تۇرىدىغان ئورۇنلارنىڭ ئىچىگە رۇخسەت سورىماستىن، سالامۇ قىلماستىن كىرىش گۇناھ ھېسابلانمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دېگەن: "**شەخسىي تۇرالغۇ بولمىغان (يەنى دۇكان- سارايلارغا ئوخشاش) ئۆيلەرگە ھاجىتىڭلار چۈشۈپ كىرسەڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوقتۇر، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاشكارىلىغىنىڭلارنىمۇ، يوشۇرغىنىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ**" {سۈرە «نۇر» (24- سۈرە)، 29- ئايەت}.

3. ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆز خىزمەتچىلىرىگە ۋە بالاغەتكە يەتمىگەن پەرزەنتلىرىگە ئۈچ ۋاقىتتا، يەنى بامدات نامىزىدىن بۇرۇن، چۈشلۈك ئۇيقۇدا ۋە خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ئۆز ئۆيلىرىگە كىرىشتە رۇخسەت سوراپ كىرىشى توغرىلىق ئەدەپ-قائىدە ئۆگىتىشى بەكمۇ مۇھىمدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دېگەن: "**ئى مۆمىنلەر! سىلەرنىڭ قۇللىرىڭلار، چۆرىلىرىڭلار ۋە ئىچىڭلاردىكى بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلار ناماز بامداتتىن بۇرۇن، چۈشتە (ئۇخلاش ئۈچۈن) كىيىمڭلارنى**

**سالغان چېغىڭلاردا ۋە خۇپتەندىن كېيىن (مۇشۇنداق) ئۈچ ۋاقىتتا (يېنىڭلارغا كىرسە) سىلەردىن ئىجازەت سورىسۇن، (بۇ) ئۈچ ۋاقىت سىلەرنىڭ ئەۋرەتىڭلار(ئېچىلىپ قالىدىغان ۋاقىتتۇر)، بۇ ئۈچ ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتلاردا(ئۇلار سىلەرگە كىرسە) سىلەرگىمۇ ، ئۇلارغىمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، سىلەر بىر - بىرىڭلار بىلەن بېرىش- كېلىش قىلىپ تۇرىسىلەر ، ئاللاھ سىلەرگە ئايەتلەرنى(يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى) ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر''** {سۈرە«نۇر»(24- سۈرە)، 58- ئايەت}.

4. بالاغەت يېشىدىن ئۆتكەن ئوغۇل- قىزلار ھەرقانداق ۋاقىتتا ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كىرمەكچى بولغاندا رۇخسەت سوراپ كىرىشى كېرەك. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: **''كىچىك بالىلىرىڭلار بالاغەتكە يەتكەندە، ئۇلار ئىلگىرىكىلەر (يەنى چوڭلار كىرىشتە) ئىجازەت سورىغاندەك (ئۆيگە كىرىشتە ھەممە ۋاقىت) ئىجازەت سورىسۇن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى(دىنىنىڭ ئىشلىرىنى) سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر''** {سۈرە«نۇر»(24- سۈرە)، 59- ئايەت}. بۇ ئايەتنىڭ سىر- ھېكمەتلىرىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق شەرھلىگەن: ئاتا ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى''بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: 'ئانامنىڭ (يېنىغا كىرسەم)رۇخسەت سورامدىم؟' دېگەندى، رەسۇلۇللاھ: **'ھەئە'** دېدى. ئۇ ئادەم: 'مەن ھەقىقەتەن بىر ئۆيدە' دېگەندى، رەسۇلۇللاھ: **'ئۇنىڭ(يېنىغا كىرسەڭ)رۇخسەت سورىغىن'** دېدى. يەنە ئۇ ئادەم: 'مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭ خىزمەتكارى' دېگەندى، رەسۇلۇللاھ: **'ئۇنىڭ(يېنىغا كىرسەڭ) رۇخسەت سورىغىن، ئاناڭنى يالىڭاچ ھالدا كۆرۈشنى ياخشى كۆرەمسەن؟'** دېگەندى، ئۇ: 'ياق' دېدى. رەسۇلۇللاھ: **'ئۇنىڭ(يېنىغا كىرسەڭ)رۇخسەت سورىغىن'**دېدى'' (ئىمام مالىك رىۋايەت قىلغان).

5. باشقىلارنىڭ ئىشىكىنى قاقماقچى بولغاندا، ئىشىكنى تاڭ-تاڭ قىلىپ قوپال قاقماستىن، بەلكى ئەدەپلىك ھالدا بارماق بىلەن يېنىك، بوش ئاۋازدا تاك- تاك قىلىپ قېقىش كېرەك . بۇ ھەقتە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: **''پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىكلىرى بارماقلار بىلەن قېقىلاتتى''** (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). بۇ ھەدىس كىشىلەرنى ئۆز ئارا ئەدەپ- ئەخلاقلىق ۋە سىلىق- سىپايە بولۇشقا يېتەكلەيدۇ. چۈنكى بىر ئادەمنىڭ ئەخلاقلىق ياكى ئەخلاقسىز ئىكەنلىكى شۇ ئادەمنىڭ ئىشىك قاققىنىدىنمۇ ئايان بولۇپ تۇرىدۇ.

6. باشقىلارنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ كىرىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىماقچى بولغان ئادەمنىڭ بۇ ئۆيدىن كىم چىقاركى دەپ ئىشىك يوچۇقىدىن مارىلاپ تۇرماي، ئىشىكنىڭ يان تەرىپىدە تۇرۇشى شۇ ئادەمنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ھەقتە ئابدۇللا ئىبنى بۇسرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: **''(باشقىلارنىڭ)ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرىگە (ئۇدۇل)كەلمەڭلار، لېكىن ئۇنىڭ يان تەرەپلىرىدىن كېلىپ رۇخسەت سوراڭلار. ئەگەر سىلەرگە رۇخسەت بېرىلسە كىرىڭلار، رۇخسەت بېرىلمىسە قايتىپ كېتىڭلار''** دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ. يەنە بۇ ھەقتە ئابدۇللا ئىبنى بۇسرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: **''پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر قەۋمنىڭ ئىشىكىگە كەلسە، يۈزىنى ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىغا قىلىۋالمايتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ياكى سول تەرىپىدىن تۇرۇپ(ئەسسالامۇئەلەيكۇم) دەيتتى''** (ئىمام تەبرانى، ئەبۇ داۋۇت رىۋايەت قىلغان). بۇ ھەدىسكە ئاساسلانغاندا، باشقىلارنىڭ ئىشىكىنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرۇپ ئىشىك قاققاندا، مەلۇم جەھەتتە ئۇ ئائىلىنىڭ بالا- چاقىلىرىنىڭ ئەۋرەتلىرىگە(ئۆيات بولغان ئەزالىرىغا) كۆزى چۈشۈپ قېلىش ئېھتىماللىقى يۈز بېرىپ قالىدۇ. شەيتاننىڭ ھەرخىل ۋەسۋەسە قىلىشلىرىغا ئالدىنىپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئىشىكنىڭ يان تەرىپىدە تۇرۇپ ئىجازەت سوراپ كىرىش كېرەك. بۇ ھەقتە سەھل ئىبنى سەئىددىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: ''بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قورۇسىغا يوچۇقتىن قارىدى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چېچىنى تاراۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: **'ئەگەر سېنىڭ ماڭا قارايدىغانلىقىڭنى بىلسەم ، ئەلۋەتتە بۇ تاغاقنى كۆزۈڭگە سانچىۋېتەتتىم، قورۇغا كىشىلەرنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئىجازەت بىلەن كىرىش يولىغا قويۇلغان'** دېگەن''. («سەھىھۇلبۇخارى ۋە قەستىلانى شەرھى»، ئۇيغۇرچە نەشرى 283-بەت).

7. باشقىلارنىڭ ئۆيىگە كىرمەكچى بولغاندا، ئىشىكنى ئۈچ قېتىم قېقىپ رۇخسەت سوراش . ئەگەر رۇخسەت بەرسە كىرىش، بولمىسا قايتىپ كېتىش كېرەك. بۇ ھەقتە ئەبۇ مۇسائەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **''رۇخسەت سوراش دېگەن ئۈچ قېتىم بولىدۇ. ئەگەر ساڭا رۇخسەت بېرىلسە كىرگىن، رۇخسەت بېرىلمىسە قايتقىن''** (ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

8. باشقىلارنىڭ ئىشىكىنى قاققاندا ،''كىم ؟'' دېگۈچىگە ''مەن'' دېمەستىن، بەلكى ئىسمىنى ياكى سۈپىتىنى ۋە ياكى

تەخەللۇسىنى(لەقىمىنى) دېيىش كېرەك. بۇ ھەقتە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەشھۇر ئىسرا كېچىسى (يەنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلغانلىقى) توغرىسىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ''ئاندىن **جىبرىئىل مېنى بىرىنچى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ، ئىشىكنى ئېچىشنى تەلەپ قىلدى. 'بۇ كىم؟' دېيىلدى، ئۇ: '(مەن دېمەي) جىبرىئىل' دېدى. 'سەن بىلەن كىم بار؟' دېيىلدى، جىبرىئىل: 'مۇھەممەد بار' دېدى. ئاندىن بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى ۋە قالغان ئاسمانلارغا ئېلىپ چىقتى. ھەر بىر ئاسماننىڭ ئىشىكىدە 'بۇ كىم؟' دېيىلگەندە، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام '(مەن دېمەي) جىبرىئىل' دەيتتى.** ( ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). مانا بۇ ھەدىستە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئىشىكنى قاققاندا ''كىم؟'' دېگۈچىگە ''مەن'' دېمەي، ئىسمىنى دېيىش ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەلىم بەرگەن. شۇڭا رەسۇلۇللاھنىڭ ئىشىكى قېقىلغاندا ''كىم؟'' دېسە ''مەن'' دېگۈچىنى، ئۇ ياقتۇرمايتتى. بۇ ھەقتە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: ئۇ مۇنداق دېگەن: ''مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ (ئۆيىگە)كېلىپ ئىشىكنى قاقتىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ''بۇ كىم؟'' دېدى، مەن (ئىسمىمنى دېمەي)''مەن'' دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ياقتۇرمىغاندەك ''مەن، مەن؟!'' دېدى'' (ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). يۇقىرىقى ھەدىسلەرنىڭ روھى رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرى ئارىسىدا بەك ئومۇملاشقان. بۇ ھەقتە ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: ''پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئەبۇ مۇسا بىلەن) بوستانلىقتىكى قۇدۇقنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى، ئەبۇبەكرى كېلىپ رۇخسەت سورىدى، ئەبۇ مۇسا: 'كىم؟' دېدى. ئۇ: ''ئەبۇبەكرى'' دېدى. ئاندىن ئۆمەر كېلىپ رۇخسەت سورىدى، ئەبۇ مۇسا: 'كىم؟' دېدى. ئۇ: 'ئۆمەر' دېدى. ئاندىن ئوسمان شۇنىڭغا ئوخشاش... (كەلدى)'' (ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). يەنە ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: ''مەن بىر كېچىسى (سىرتقا) چىقسام رەسۇلۇللاھ ئۆزى يالغۇز مېڭىۋېتىپتۇ، مەنمۇ ئاي يورۇقىدا ماڭدىم، رەسۇلۇللاھ قايرىلىپ قاراپ مېنى كۆرۈپ: 'بۇ كىم؟' دېدى، مەن: 'ئەبۇزەر' دېدىم'' (ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). يەنە ئۇممى ھاني رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: ''مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلسەم، فاتىمە ئۇنى پەردە بىلەن توسۇپ تۇرغان ھالەتتە، ئۇ يۇيۇنۇۋېتىپتۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: 'بۇ كىم؟' دېدى، مەن: 'ئۇممۇ ھانىي' دېدىم''(ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). مانا، يۇقىرىقى بىر قاتار ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنىدىن ''كىم؟'' دېگەن سوئالغا، مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ''مەن'' دېگەن ئىبارە بىلەن جاۋاب بەرمەي چوقۇم ئىسمىنى دېيىشنىڭ مۇھىملىقى ئايان بولىدۇ.

9. ئۆيگە كىرىشتىن ئاۋۋال سالام قىلىپ، ئاندىن رۇخسەت سوراپ كىرىش كېرەك. بۇ ھەقتە رەبئىي ئىبنى ھىراش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: ''بەنى ئامىر (قەبىلىسى)دىن بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيدىكى چاغدا رۇخسەت سوراپ 'كىرەيمۇ؟' دېگەن. ئاندىن پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ خىزمەتچىسىگە: '**چىقىپ ئۇنىڭغا** رۇخسەت سوراشنى بىلدۈرۈپ قويغىن، **ئۇنىڭغا مۇنداق دېگىن: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، كىرەيمۇ؟** دېسۇن' دېگەنىدى. ئاندىن ئۇ ئادەم بۇنى ئاڭلاپ: 'ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، كىرەيمۇ؟' دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلغۇدى، ئاندىن كىردى'' (ئەبۇ داۋۇت رىۋايەت قىلغان). يەنە كىلدە ئىبنى ھەنبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: ''مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ (ئۆيىگە)كېلىپ ئۇنىڭغا سالام قىلماي كىرگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: '**قايتىپ چىقىپ: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، كىرەيمۇ؟' دېگىن** ' دېدى'' (ئەبۇ داۋۇت تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). دېمەك، باشقىلارنىڭ ئۆيىگە كىرىشكە رۇخسەت سوراشتىن ئىلگىرى سالام قىلىپ، ئاندىن سۆز باشلاش بەكمۇ مۇھىمدۇر. بۇ ھەقتە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر مۇنداق دېگەن: ''**ئۆيگە كىرىشكە رۇخسەت سوراشتىن ئىلگىرى سالامنى باشلىمىغان كىشىگە ئىجازەت بەرمەڭلار**'' (بەيھەقى رىۋايەت قىلغان).

قەدىرلىك دىنىي قېرىنداشلار! ھەممىمىز ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكۈملىرىگە يېقىندىن ماسلىشىپ، ئەمەلىيەتتە تەتبىقلاش ئارقىلىق، ئىسلام دىنىمىزنىڭ ھەقىقەتەن ئەدەپ-ئەخلاق ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇقەددەس دىن ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئائىلىمىزنى ۋە بارلىق ئىش-پائالىيەتلىرىمىزنى ئىسلام دىنىمىزنىڭ گۈزەل ئەدەپ-ئەخلاقلىرى بىلەن باشقۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئەۋلادلىرىمىزغا ۋە جەمئىيەتتىكى كىشىلەرگە ياخشى ئۈلگە بولۇپ مېڭىشىمىز كېرەك. ئاللاھ تائالا بارلىق مۇسۇلمانلىرىمىزنىڭ ئائىلىسىنى شۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن دىنىمىزنىڭ ئەخلاق-پەزىلەتنىڭ بۆشۈكىگە ئايلاندۇرۇپ بەرگەي، ئامىن!

(ئاپتور: قەشقەر شەھىرى نەزەرباغ يېزىسىدىن ؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# ئاتا-ئانىغا ۋاپادار بولايلى

ئەمەر سىمىز

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش جانابى ئاللاھ بىز پەرزەنتلەرگە بۇيرۇغان پەرز ئەمەللەردىن بىرىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: "**ئىنساننى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق، ئى ئىنسان! ماڭا ۋە ئاتا-ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جايىڭ مېنىڭ دەرگاھىمدۇر**" {سۈرە«لوقمان»(31-سۈرە)، 14-ئايەت}. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە پەرزەنتلەرنى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇغان. بىر ھەدىستە پەيغەمبىرىمىز مۇنداق ئېيتقان: "**مەن سىلەرگە چوڭ گۇناھتىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئاتا-ئانىسىنى قاقشىتىشتىن ئىبارەت**". يەنە رەسۇلىمىز"**جەننەت ئانىلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا**" دېگەن. يەنە بىر ھەدىستە بىر ساھابە رەسۇلۇللاھتىن: "مەن كىمگە ياخشىلىق قىلسام بولىدۇ؟" دەپ سورىغاندا رەسۇلىمىز ئۇنىڭغا: "**ئاناڭغا**" دېگەن، ئۇ كىشى بۇ سوئالنى ئۈچ قېتىم تەكرار سورىغاندا رەسۇلۇللاھ: "**ئاناڭغا**" دەپ، تۆتىنچى قېتىم: "**ئاتاڭغا**" دېگەن. دېمەك ئاتا-ئانىسىنى قاقشىتىش ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن بىلەن ئوخشاش گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن كىشى ھەرگىز ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ، ئاتا-ئانىسىنى قاقشاتقانلارمۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

ئاتا-ئانىمىز بىزلەرنى ھەرگىز يامان يولغا باشلىمايدۇ، بىزنى ياخشى ئادەم بولسىكەن، بىرەر ئىش قىلىپ نەتىجە قازانسىكەن دەيدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبى بىز پەرزەنتلەرنى دائىم ياخشى ئىشلارغا ئۈندەيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ئۇلار بىزگە مېھمان، ئۇلارنى ئوبدان كۈتۈپ، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇپ، ئۇلارنى ئەزىزلىگەنلىكىمىزنى كۆرگەن ئاللاھ تائالا بىزلەرنى دۇنيادا باي قىلىدۇ، ئاخىرەتتە بولسا ئۆزىنىڭ رەھمىتىگە ئالىدۇ. ئاتا-ئانىنى تونۇش، ئۇلارنى ھۆرمەتلەش، ئۆز پەرۋەردىگارىنى تونۇغانلىق ۋە ھۆرمەت قىلغانلىقتۇر. بۇنىڭ ساۋابى شۇ پەرزەنتكە يېتىپ تۇرىدۇ. چۈنكى سەن، بىز بالدۇر يوق ئىدۇق، ئاللاھ تائالا سېنى ۋە مېنى شۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن بار قىلدى. سەن، بىز ئۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن دۇنياغا كەلدۇق. ئەي پەرزەنتلەر! ئاتا-ئانا ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ناھايىتى كاتتا كىشىلەردۇر. ئاتا-ئانىمىزنىڭ دۇئاسى بىلەن ھەممە ئىشىمىز جايىغا چۈشىدۇ. "ئاتا رازى ئانا رازى، خۇدا رازى". "ئاتاڭ دەرغەزەپكە كەلسە خۇدامۇ دەرغەزەپكە كېلىدۇ" دېگەن ھېكمەتلىك سۆزلەر بىكارغا ئېيتىلغان ئەمەس. ئىنسان ياخشىلىقنىڭ بەندىسىدۇر، ياخشىلىق بولسا ئاۋۋال ئاتا-ئانىدىن باشلىنىدۇ. ئەگەر سەن ۋاپادار پەرزەنت بولاي دېسەڭ ئاتا-ئاناڭنىڭ غېمىگە ئورتاق بول، ئاتا-ئانىنى ئاللاھ تائالا قۇرئاندا مەدھىيىلىگەن. جەمئىيەتتە بولسا ئاتا-ئانىنى مەدھىيىلىگەن شائىر، يازغۇچى، ناخشىچى ناھايىتى كۆپ. جانابىي ئاللاھ تائالا ئاتا-ئانىنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۈستۈن قىلغانلىقى ئۈچۈن دۇنيادا ھەممە كىشى ئاتا-ئانىنى مەدھىيىلەيدۇ. ئاتا-ئانىسىغا بويسۇنمىغان كىشى ئۆز خوجىسىغا ئاسىي بولغان بولىدۇ. بۇنداق كىشى ئاخىرىدا ئاللاھ تائالاغىمۇ ئاسىي بولغان بولىدۇ.

ئەي پەرزەنتلەر! ئاتا-ئاناڭنى ھەرگىز پەس كۆرمە، ئۇلارنى ھۆرمەتلە، ئۇلارغا جان-دىلىڭ بىلەن خىزمەت قىل. چۈنكى ئاتا-ئانا دەرەخنىڭ يىلتىزى، پەرزەنتلەر دەرەخنىڭ شېخى. شاخ، يىلتىزنىڭ قەدرىنى بىلىشى كېرەك. يىلتىز قەدرىنى بىلمىگەن شاخ كۆكلىيەلمەي قاقشال بولۇپ قالىدۇ، ئاتا-ئانا قەدرىنى بىلمىگەن پەرزەنت ياخشى دۇئا ئورنىغا قارغىش يەپ ئىشلىرى ئالغا باسماي قالىدۇ.

ئەي پەرزەنت، ھەقىقىي پەرزەنت بولاي دېسەڭ ئاتا-ئاناڭنىڭ ئىززىتىنى قىل، شەرىپىنى قوغدا. ئاتا-ئاناڭ سېنى تەربىيىلەپ ئۆستۈردى، بۇ جەرياندا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى يەڭدى، ساڭا ھېچ ۋاقىتتا يامانلىقنى راۋا كۆرمىدى. سەنمۇ ئۇلارغا ھەرگىز يامان سۆز-ھەرىكەتتە بولما. ئاقىل ۋە دانا پەرزەنت ئاتا-ئانىسىنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىدۇ، سەن ئەنە شۇنداق پەرزەنت بولۇشقا

تىرىشقىن (ئەلۋەتتە، ئاتا-ئانىمىز بىزلەرنى مۇرتەدلىك يولىغا باشلىسا، ئىسلام ئېتىقادىدا چىڭ تۇرغان ئاساستا ئۇلارغا نەسىھەت قىلىشىمىز، ئۇلارغا ياخشى يولنى كۆرسىتىپ قويۇشىمىز، ئۇلارنى قايىل قىلىپ، ئۇلارغا دىنىمىزنىڭ ئەھكاملىرىنى چىرايلىق رەۋىشتە چۈشەندۈرۈشىمىز لازىم).

ئاتا-ئانىمىز ئەگەر ياشانغان بولسا ئۇلارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشىمىز كېرەك. ناۋادا كېسەل بولۇپ قالسا ئۇلارنى كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە داۋالىتىشىمىز، ئۇلارنىڭ دىلىنى رەنجىتىدىغان ئىشلارنى ھەرگىز قىلماسلىقىمىز لازىم. كىچىكىمىزدە ئۇلار بىزنى قانداق بېقىپ پەرۋىش قىلغان بولسا، ئۇلار ياشىنىپ قالغاندا بىزمۇ ئۇلارنىڭ ھالىدىن شۇنداق ياخشى خەۋەر ئېلىشىمىز، ئۇلارنىڭ بىزگە قىلغان ئەجىر-مېھنىتىگە جاۋاب قايتۇرۇشىمىز كېرەك. ئاللاھ تائالا ئاتا-ئانىمىزنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىپ، بىز پەرزەنتلەرنىڭ قولىغا قاراشلىق قىلغاندا بىزمۇ ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشىمىز لازىم. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: ''

**پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن(يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بول÷لغىن ۋە: 'ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن' دېگىن''**

{سۈرە«بەنى ئىسرائىل»(17-سۈرە)، 23—24-ئايەت}.

ئايەتنىڭ مەزمۇنى بىزنى ئاتا-ئانىمىزغا داۋاملىق ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. بىز پەرزەنتلەر ئاتا-ئانىمىزغا ھايات چېغىدا ياخشىلىق قىلىش بىلەن بىرگە ئۇلار ئالەمدىن ئۆتكەندىمۇ ئۇلارنىڭ قەبرىسىنى داۋاملىق يوقلاپ تۇرۇشىمىز، قۇرئان تىلاۋەت ئارقىلىق ئۇلارغا جانابى ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىشىمىز، ''ئۇلار ئۆلدى، كەتتى'' دېمەستىن ئۇلارنىڭ ھەققىگە ئاتاپ ناماز ئوقۇپ دۇئا قىلىپ تۇرۇشىمىز، قۇدرىتىمىز يەتسە دارىلئىتام، مەكتەپ، مەسچىت، مەدرىسلەرگە ياردەم قىلىپ، جامائەتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ رەھمىتىنى ئېلىشىمىز لازىم. مۇشۇنداق قىلساقمۇ بىز تېخى پەرزەنتلىك بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلالىغان، ئاتا-ئانىمىزنىڭ ئەجرىنى تەلتۆكۈس قايتۇرالىغان بولمايمىز. شۇنداقتىمۇ قىلغان شۇ ئىشلىرىمىزدىن ئەل-جامائەت بىزنى ۋاپادار پەرزەنت بوپتۇ دەپ تەرىپلەيدۇ. بىز ۋاپادار پەرزەنت بولالماي ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىشتىن، ئاتا-ئانىمىزنىڭ قارغىشىنى ئېلىشتىن، ئاللاھقا ئاسىي بەندە بولۇپ ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك ئازابقا قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەيلى! ئاتا-ئانىمىزغا قىلغان ياخشى ئىشلىرىمىزنىڭ ھۆرمىتىدىن جانابىي ئاللاھ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىدۇ، بىزلەر ياشىنىپ ئاجىزلاشقاندا ئاللاھ تائالا بىزگىمۇ پەرزەنتلىرىمىزنى ۋاپادار قىلىپ بېرىدۇ. مانا بۇ قەدىمكىلەرنىڭ '' نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن'' دېگەن ھېكمىتىنىڭ خاسىيىتى. ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى ئاتا-ئانىمىزنىڭ دۇئاسىنى ئالغان، سالىھ مۇسۇلمانلاردىن قىلغاي-ئامىن!

(ئاپتور: مەكىت ناھىيىسىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)



## قىزىمۇ 92 ياشقا كىردى

پىچان ناھىيىسى لەمجىن بازىرى ئاستانە كەنتىدىكى 117 ياشلىق خۇزىمخان ھەسەن(سولدا) 92 ياشلىق قىزى قەمەرخان نىياز بىلەن مۇڭداشماقتا

«بېيجىڭ ياشلىرى گېزىتى»دىن ئېلىندى

# بالىلار كەلگۈسى ئۈچۈن پەنلا ئوقۇسۇن



ئانىقىز ئەزىز

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە بىر قىسىم يېزىلاردا 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپ يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپتىن قېچىشى ئەۋج ئېلىپ، ئوقۇتقۇچىلارغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرسا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ يۇقىرىلاپ ئوقۇشنى خالىمايدىغان بالىلارنىڭ كۆپىيىشى بىر بۆلۈك سەگەك كىشىلىرىمىزنى ئويغا سالماقتا. ئاتا-ئانىلاردىن بالىلىرىنىڭ نېمىشقا ئوقۇشتىن قاچىدىغانلىقىنى، نېمىشقا يۇقىرىلاپ ئوقۇپ ئالىي مەلۇماتلىق بولمايدىغانلىقىنى سورىغىنىڭىزدا، بالىلارنىڭ تۇنجى ئۇستازى، ئۇلارنىڭ ئەخلاق-پەزىلەت، ئىلىم-ھېكمەتكە يېتەكلىگۈچىسى بولغان ئاتا-ئانىلار: "ھازىر ئوقۇغاننىڭ نېمە پايدىسى، شۇنچە چوڭ مەكتەپلەرنى تۈگەتكەنلەرنىمۇ ھۆكۈمەت تەقسىم قىلماي، ئۇلار بىكار يۈرۈۋاتسا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇپ نېمە كەپتۇ؟ ساۋاتى چىقتى. ئانچە-مۇنچە خەت ئوقۇيالايدىغان بولغاندىكىن، ئالىيغا چىقمايدىغان ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ نېمە كەپتۇ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە بىرەر ھۈنەر ئۆگەنگىنى ياخشى ئەمەسمۇ؟ بالام تولۇقسىزنى پۈتتۈردى. ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلدى. ھازىر كادىرلارنىڭ بازىرى كاساتلىشىپ، ئەتىۋارى قالماي، ھەدېسە ئىشتىن قالدۇرىمىز دەۋاتسا بالامنى يەنە ئوقۇتۇپ نېمە قىلىمەن؟ ئالىي مەكتەپلەرمۇ بۇلاڭچىدەك پۇل ئالىدىغان جايكەن. بىزدە نەدىمۇ ئۇنچىۋالا پۇل بولسۇن؟ شۇڭا بالام بىرەر ئىشنىڭ ئېپىنى تۇتۇپ تىرىكچىلىك يولىنى تېپىۋالغاندىن كېيىن بېشىنى ئوڭشاپ قويسام شۇ ساۋاب ئەمەسمۇ؟" دېگەندەك جاۋابلارنى بېرىشىدۇ. ئۇلار ھۆكۈمەتتىن، جەمئىيەتتىن ئاغرىنىپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى باھانە قىلىپ، بالىلىرىنىڭ داۋاملىق ئوقۇش ئارزۇسى بار بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىپ، ئۇلارنى ھۈنەر ئۆگىنىشكە، سودا قىلىشقا قىزىقتۇرماقتا. "ئەتىكى قويرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا" دېگەندەك، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەت ئۇلارغا سولماس تىللا دەرىخىدەك بىلىنىپ، بالىلىرىنىڭ مەكتەپتىن چېكىنىشىنى، يۇقىرىلاپ ئوقۇشتىن ۋاز كېچىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. ئۇلارنى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىمۇ مەجبۇرلاشقا بولمايدۇ. دۆلەت بېكىتكەن مەجبۇرىي مائارىپ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىسىز، مەكتەپتىن چېكىنىۋالماي، دۆلەتنىڭ قانۇنىدا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتنى ئۆتەشكە، قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈشكە دەۋەت قىلسىڭىز، "مۇئەللىم بۇنداق گەپلىرىڭىزنى قويۇڭ، سىز مېنىڭ بالامنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلىشىشىغا ھۆددە قىلالمىغاندىكىن، تولا ماڭا ۋەز-نەسىھەت قىلماڭ. ئۇنداق قانۇنلىرىڭىزنى تىلغا ئېلىپ مېنى قورقىتمەن دېمەڭ. بالامنى قانداق قىلىش ئۆزەمنىڭ ئەركىنلىكى، مەن بالامنى مەكتەپكە ئەۋەتمەيمەن. مۇشۇ گېپىمنى باشلىقىڭىزغا ئېيتىپ قويۇڭ" دەپ ۋاقىرايدۇ. ھەتتا بەزىلىرى سىز بىلەن ئۇرۇشىدۇ، ئىتتىغا تالىتىپ سىزنى ئىشىككە كەلمەس قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئەجەبا بالىڭىزنى ئوقۇتۇپ قوياي دەپ ئىشىك ئالدىغا كېلىش گۇناھمۇ؟ مانا مۇشۇنداق مەسئۇلىيەتسىزلىكلەر تۈپەيلىدىن بالىلار جەمئىيەتتىكى يامان ئىشلارغا ئارىلىشىپ، يامان ئاقىۋەتكە قالىدىغان ئىشلار يۈز بەرمەكتە، ھاراق-شاراب ئىچىپ، جېدەل-ماجىرا تۇغدۇرۇپ جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزىدىغان، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، قىمارۋازلىق، باسقۇنچىلىق قىلىپ تۈرمىگە كىرىپ كېتىپ ياشلىقىنى خازان قىلىدىغان، خىروئىن چېكىپ ئۆزىنىڭ ھاياتىنى تۈگەشتۈرۈپلا قالماستىن، ئاتا-ئانىسى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى ۋەيران قىلىدىغان، بالدۇرلا تۇرمۇش قۇرۇپ، تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق-سوغۇقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي نىكاھتىن ئاجرىشىپ، بالىلارنى يېتىملىك كوچىسىغا سۆرەيدىغان، ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن باشقىلارنىڭ ھارام بايلىققا قىزىقتۇرۇشى بىلەن تاپقان-تەرگىنىدىن ئايرىلىپ،

نامراتلىقتىن قۇتۇلالمايدىغان ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەر يۈز بەرمەكتە. ئاتا-ئانىلار بۇنداق ئىشلارنى بالىلىرىنىڭ ياخشى تەربىيگە ئىگە بولمىغانلىقىدىن كۆرمەي يەنىلا جەمئىيەتكە ئارتىپ پەرۋاسىز يۈرمەكتە. ئوقۇش پەقەت كادىر بولۇش ئۈچۈنمۇ؟

تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلاپ باقىدىغان بولساق، خەلقىمىزنىڭ ئىلىم ئىگىلەش، ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئەنئەنىسىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلالايمىز. تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرى، دۆلەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن تارتىپ، مەرىپەت پېشۋاسى ئاكا-ئۇكا مۇسابايوفلار، ئابدۇقادىر داموللا، مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندىلەر نادانلىقتىن قۇتۇلۇپ ئادەمدەك ياشاش، ئۆز خەلقىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئىلىم-مەرىپەت ئىزدەپ يات ئەللەرگە بېرىپ، جاپا-مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ تەربىيلەنگەن. ئۆز خەلقىنى ئويغىتىش، دۇنيا خەلقى بىلەن قەدەمداش قىلىش ئۈچۈن دۇنيانىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان. تۈرلۈك دوقاللار، خورلۇقلار ئۇلارنى بىلىم ئىگىلەش، مەدەنىيەت ئىگىلەش نىيىتىدىن ياندۇرالمىغان. ئۇلارنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى، بەرگەن قۇربانلىرىنى ئەسلىسەك ئۇلارنىڭ ھەرگىز ئۆز جېنىنى قامداش ئۈچۈنلا ئىلىم ئۆگەنمىگەنلىكىنى، بەلكى مەنىۋى دۇنياسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىنسانلىق كامالىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئىلىم ئۆگەنگەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيمىز. خەلقىمىز ھەقىقەتەن ئىلىمخۇمار خەلق ئىدى. ئەجداتلىرىمىزدا مەرىپەتكە ئىنتىلىش، پېشۋالىرىمىزدا مەكتەپ ئېچىپ خەلققە ئاقارتىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشتەك ئېسىل روھ بولغاچقىلا، بىز ھۆكۈمەتنىڭ پەن-مەدەنىيەت، مائارىپتىكى ئىلغار پىكرىنى، دانا سىياسىتىنى ئوڭايلا قوبۇل قىلىپ، تەرەققىي قىلىپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەن ئىدۇق. دۆلەت بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە ئىشلەيدىغان خىزمەتچىلىرى بولۇش كېرەك. دۆلەتنىڭ، خەلقنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئەتراپلىق تەربىيلەنمەي، مەكتەپتە ئوقۇماي بولمايدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرنى بىر تۇتاش تەقسىم قىلىدىغان ئىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى كادىرلارغا تويۇنغانلىقىدىن، خىزمەتچىلەرنىڭ پاخاللىشىپ كەتكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئادىل رىقابەت سورۇنى ھازىرلاپ، ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ تاللىنىشى، ئەتىۋارلىنىشى ۋە كۆپىيىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بەرگەنلىكىدۇر. بىز ئۇزۇن مۇددەت

داشقازان تامىقىنى يەپ كۈنۈپ قالغاچقا، بۇ خىل يېڭىلىق ۋە يۈزلىنىشنى دەماللىققا قوبۇل قىلالمايدىغانلارنىڭ چىقىشى تۇرغانلا گەپ، بولۇپمۇ كەڭ دېھقان-چارۋىچىلار شۇنداق. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇسۇلمانلاردۇر. ئۆزىنى چىن مۇسۇلمان دەپ قاراپ كېلىۋاتقان بۇ چارۋىچى-دېھقانلارنىڭ ئىچىدە بالىلىرىنى مەكتەپتىن چېكىندۈرۈۋالىدىغان، ئالىي مەكتەپكە ئۆتسىمۇ پۇل يوق دەپ ئەۋەتمەيۋاتقانلار ئاز ئەمەس. ئەمما ئاشۇ بالىلارنىڭ توي-تۆكىنى ئۈچۈن قەرز ئېلىپ، زىممىسىدىكى قەرزنى ئادا قىلىشقا رازى بولىدۇ. ئىسلام دىنى ھېچقاچان ئىلىم ئېلىشنى چەتكە قاقمايدۇ، بەلكى پەرز دەپ قارايدۇ. پەيغەمبىرىمىزنىڭ **''ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەر بىر ئەر-ئايال مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر''، ''بۆشۈكتىن لەھەتكىچە ئىلىم ئۆگەن''، ''ئىلىم يىراق چىندا(جۇڭگودا) بولسىمۇ ئۆگىنىڭلار''** دېگەن ھەدىسلىرى بۇنىڭ كۈچلۈك دەلىلى. ئۆزى ئوقۇيالماي بىلىمسىز قالغىنىنى ئاز دەپ ئەمدى بالىلىرىنىمۇ ياخشى تەربىيلىمىگەن، دىلىغا ئىلىم سالمىغان، مەكتەپتە ئوقۇتماي نادان قالدۇرغان ئاتا-ئانىلار ئۆزىگە گۇناھ يۈكلىۋالىدۇ، چۈنكى پەرزنى ئادا قىلماسلىق گۇناھقا شېرىك بولۇش دېگەنلىكتۇر. ئاتا-ئانىلار بۇ نۇقتىنى چوقۇم تونۇپ يېتىشى كېرەك.

مەركەز شىنجاڭدىكى دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ تەربىيلىنىشىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەقسىز ئوقۇيدىغان شىنجاڭ سىنىپلىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە تەسىس قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە رايونىمىزدىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاب پۇلى، ئوقۇش پۇللىرىنى كەچۈرۈم قىلدى. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئۆزى نامرات، ئەمما تىرىشچان دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە ياردەم پۇلى بېرىش، ئوقۇش مۇكاپاتى بېرىش، ئوقۇش پۇلى قەرزى بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ دېھقان-چارۋىچىلارغا قىلغان سەممىي غەمخورلۇقىدۇر. مۇشۇنداق ئېتىبار بېرىش سىياسىتى، ئەۋزەل شارائىت ئاستىدىمۇ بالىلارنى ئوقۇتمىساق گۇناھ بولمامدۇ؟ بالىلار ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، كۆپ بىلىم ئىگىلەپ، ئەمەلىي ئىقتىدار يېتىلدۈرگەندىلا ئاندىن مۇۋاپىق خىزمەت تاپالايدۇ، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك يارىتالايدۇ. بالىلارنى مۇستەقىل ياشاشقا، بىر ئىشقا تەۋەككۈل قىلىشقا دەۋەت قىلىش دىنىمىزنىڭ تەشەببۇسىغۇ؟!

نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرنىڭ تەرەققىياتى

كىشىلەردىن ئۈنۈپەرسال ساپاغا، مول بىلىم قۇرۇلمىسىغا، كۈچلۈك يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ ۋە تەلەپ قىلىدۇ. نۇپۇسىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدىغان دېھقان-چارۋىچىلار بالىلىرىنىڭ ئېرىشىۋاتقان كىچىككىنە مەنپەئەتكە ئالدىنىپ، ئۇلارنى تەربىيىلەش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدۇرسا، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە تۈزۈكرەك تىرىكچىلىك يولىنى تېپىشىمۇ قىيىنغا توختايدۇ. ئەجدادلارنىڭ ئېسىل خىسلىتى يىگىلەشكە باشلايدۇ، خالاس.

ھۆرمەتلىك، دېھقان-چارۋىچى مۇسۇلمان قېرىنداشلار! سىلەر ئېتىقادىڭلارغا مۇخالىپ كېلىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا ھەرگىز رايىڭلار بارمايدۇ. ئۆزەڭلارنىڭ نامراتلىقتىن تېزراق قۇتۇلۇپ، پاراۋان تۇرمۇشقا ئىگە بولۇش، بۇ دۇنيادىن گۇناھسىز كېتىشىڭلار ئۈچۈن كەلگۈسىنىڭ خوجايىنلىرى بولغان بالىلارنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالماڭلار، ئالىي مائارىپ تەربىيىسىگە ئىگە قىلىشقا تىرىشىڭلار. سىلەر مەڭگۇ بالىلارغا باقۇۋەندە بولالمايسىلەر. بالىلار كەلگۈسى ئۈچۈن بولسىمۇ يەنىلا ئوقۇسۇن!

(ئاپتور: ئاتۇش شەھىرىدىن؛

تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# بىرلىك ۋە باراۋەرلىك

بىرلىك ۋە باراۋەرلىك ھالىتىدە ياشاش بىر مىللەت ئەڭ باشتا ئىگە بولۇشى كېرەك بولغان ئالاھىدىلىكتۇر. تەۋھىد دىنى بولغان ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ تەۋھىد روھىغا ئۇيغۇن ھەرىكەت قىلىشىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ''**ھەممىڭلار بىرلىكتە ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار؛ ئايرىلماڭلار. ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار**... ''{سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 103-ئايەت} دەپ، بىزنى بىرلىككە ۋە باراۋەر بولۇشقا چاقىرغان، تەپرىقىچىلىقنىڭ، بىرلىك ۋە باراۋەرلىكنى بۇزۇشنىڭ مىللەتلەرنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

تەپرىقىچىلىق ئىللىتىگە مۇپتىلا بولغان ھەر قانداق جەمئىيەتنىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى، كۈچ-قۇدرىتىنى داۋاملاشتۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس. تارىخ مۇشۇنداق مىساللار بىلەن تولغان. بىز تەپرىقىچىلىق سەۋەبىدىن تارىخ سەھنىسىدىن سۈپۈرۈلگەن مىللەتلەردىن ئىبرەت ئېلىپ، پىتنە ۋە تەپرىقىچىلىققا چۈشمەسلىكىمىز لازىم.

مۇسۇلمانلار بىر-بىرىنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر، دوستانە ئۆتۈشى كېرەك. ئۇلۇغ ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»دە: ''**مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار**'' {سۈرە «ھۇجۇرات»(49-سۈرە)، 10-ئايەت} دېگەن.

ئارىمىزدىكى قېرىنداشلىقنىڭ ئۈزۈلمەسلىكى، ھۇزۇر ۋە سائادەتنىڭ داۋاملىشىشى ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۆمىنلەرنىڭ بىرى-بىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشى كېرەكلىكىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: ''**مۇسۇلمانلار ئۆز ئارا قېرىنداش، بىرى-بىرىگە زۇلۇم قىلمايدۇ ۋە بىر-بىرىنى تاشلىۋەتمەيدۇ، كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىدىن چىقسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىقىدۇ، كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتسە ئاللاھ ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن قىيامەت كۈنىنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىدىن بىر ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ، كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ**'' (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

بىر ئىنساننىڭ جېنى، مېلى، شەرىپى ۋە نومۇسى قانداق مۇقەددەس بولسا، باشقىلارنىڭكىمۇ ئوخشاشلا مۇقەددەس بولىدۇ. ئۆزىمىز خالىمىغاننى باشقىلارغىمۇ خالىماسلىقىمىز، ئۆزىمىز ياخشى كۆرگەننى باشقىلار ئۈچۈنمۇ ئۈمىد قىلىشىمىز لازىمكى، ئارىمىزدىكى مەنىۋى رىشتە تېخىمۇ كۈچەيسۇن.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)



# خورما دەرىخى ۋە مۆمىن ئادەم

ئابدۇلئەزىز رەھمىتۇللا ئەزھەرى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئىچىدە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان ۋاستىلەرنىڭ بىرى ئوخشىتىش بولۇپ، مەلۇم بىر ئوقۇمنى چۈشەندۈرۈشتە ئۇنىڭ رولى ئىنتايىن زور، چۈنكى، ئۇ تىلنىڭ كونكرېت، جانلىق ۋە ئوبرازلىق بولۇشىغا ياردەم بېرىپ، كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشىنى ئوڭايلاشتۇرىدۇ. ئوخشىتىش ئارقىلىق ئوي- پىكىرنى ۋە چوڭقۇر بىر مەزمۇننى ئوبرازلىق ئۇقتۇرغىلى بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە كۆپلىگەن ئابستراكت مەنىلەرنى مۇشۇ ۋاستە ئارقىلىق ئېنىق ۋە ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن. مەسىلەن: سۈرە «ئىبراھىم» (14-سۈرە)نىڭ 24-26-ئايەتلىرىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

**"ئاللاھنىڭ مۇنداق بىر تەمسىل كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ كەلىمە تەييىبە(يەنى ياخشى سۆز، ئىمان كەلىمىسى) يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىدا بولغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ۋاقتى-ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخكە ئوخشايدۇ. ئاللاھ كىشىلەرگە ۋەز- نەسىھەت ئالسۇن دەپ، ئۇلارغا نۇرغۇن تەمسىللەرنى كەلتۈرىدۇ. يامان سۆز(يەنى كۇفرى كەلىمىسى) زېمىندىن قومۇرۇپ تاشلانغان، ھېچقانداق قارارى يوق ناچار دەرەخكە ئوخشايدۇ"**. ئاللاھ تائالا بۇ يەردە گۈزەل سۆزنى گۈزەل دەرەخكە ئوخشاتقان، چۈنكى گۈزەل سۆزنىڭ مېۋىسى — گۈزەل ئىش- ھەرىكەت، ياخشى دەرەخنىڭ ھوسۇلى — شېرىن مېۋىدۇر.

مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە: گۈزەل سۆز "**بىر ئاللاھتىن باشقا ھەق مەبۇد يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر**" دېگەن سۆز بولۇپ، بۇ سۆز ھەممىشە گۈزەل ئەخلاق ۋە ياخشى ئىشلارنىڭ مەيدانغا چىقىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. ئاللاھ رازى بولىدىغان ھەر قانداق گۈزەل ئىش- ھەرىكەت مانا مۇشۇ سۆزنىڭ مېۋىسىدۇر.

ئەكسىچە، يامان سۆز ئايەتتە ناچار دەرەخكە ئوخشىتىلغان، يامان سۆز — ئاللاھنى ئىنكار قىلىش بولۇپ، بۇ سۆز ھەر تۈرلۈك پىتنە- پاسات، پالاكەت ۋە مۇسىبەتنىڭ مەنبەسىدۇر. يامان سۆز ھەم دۇنيادا، ھەم ئاخىرەتتە پالاكەتلەرگە سەۋەب بولىدۇ.

بۇ پەقەت «قۇرئان كەرىم»دىكى كۆپ ئوخشىتىشلاردىن بىر مىسال.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ كۆپلىگەن ھەدىس شەرىفلەردە ئوخشىتىش ئۇسلۇبىنى قوللانغان.

مەسىلەن: ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم سەھىھلىرىدە رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق ئوخشىتىش بار: "دەرەخلەرنىڭ ئىچىدە ياپرىقى تۆكۈلمەيدىغان، ھەردائىم ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان بىر دەرەخ بار، ئۇ مۆمىنگە ئوخشاش... ئۇ بولسا خورما دەرىخىدۇر".

بۇ نېمە دېگەن گۈزەل ئوخشىتىش! نېمە دېگەن راست ئوخشىتىش! چۈنكى خورما دەرىخىدە مۆمىننىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى سۈپەتلىرى گەۋدىلەنگەن:

1- خورما دەرىخى تۈپتۈز ئۆسىدىغان دەرەخ، ئۇنىڭ ئەگرى ياكى سىڭايان يېرى يوق. مۆمىن كىشىمۇ شۇنداق تۈز بولىدۇ، بىر ئاللاھقا ئىشىنىدۇ، ئىش- ھەرىكەتلىرىدە قۇرئاندىكى ئىلاھىي يولدىن قايرىلىپ كەتمەيدۇ. دېمەك، مۆمىن كىشى ئوي-پىكىردە تۈز، ئېتىقادتا توغرا، سۆزدە راستچىل، ئىش- ھەرىكەتتە دۇرۇس بولىدۇ.

2- خورما دەرىخىنىڭ يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىغا پېتىپ كەتكەن، شاخلىرى كۆككە تاقاشقان بولىدۇ. مۆمىن كىشىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىشەنچى مەزمۇت بولىدۇ، ئۇ تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق كۆرسەتمىلەرنى ئاللاھ نازىل قىلغان قۇرئاندىن ئالىدۇ. ئۇنىڭ زېمىندا قىلغان تائەت- ئىبادەتلىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كۆتۈرۈلۈپ مەقبۇل بولىدۇ.

3- خورما دەرىخى مەزمۇت ۋە كۈچلۈك بولۇپ،

ئۇنىڭ بويى ئاسمانغا تاقاشسىمۇ بوران-چاپقۇنلار ئۇنى تەۋرىتەلمەيدۇ. مۆمىنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، ئۇنى بالايى-ئاپەت، مۇسىبەت ۋە ئېغىر كۈنلەر يىقىتالمايدۇ، مۆمىن كىشى بېشىغا كەلگەن ھەرقانداق ئېغىرچىلىقلارغا سەۋرى قىلىدۇ، ئۆزىنى سەۋرچانلىقتا ئادەتلەندۇرىدۇ، مۆمىن كىشى ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا تەۋرەنمەي تىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

4- خورما دەرىخىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى گۈزەل، مېۋىسىمۇ تەملىك كېلىدۇ. مۆمىنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، تاشقى كۆرۈنۈشى پاكىز، رەتلىك ۋە يېقىملىق بولىدۇ، دىلىمۇ پاك ئىمان بىلەن تولغان بولىدۇ، ئاللاھدىن قورقىدۇ، يامان قىلىق، بەتنىيەت، ھەسەتخورلۇق، ئىچى يامانلىق، پىخسىقلىق، قورقۇنچاقلىق ۋە باشقا يامان ئىللەتلەردىن خالىي بولىدۇ. كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە باشقىلار بىلەن چىقىشقاق كېلىدۇ.

5- خورما دەرىخىنىڭ ھەممە يېرى پايدىلىق. ئۇنىڭ مېۋىسى يېيىلىدۇ، ئوزۇق بولىدۇ، ياغىچى چەللە-باراڭ ياساشقا، شاخلىرى قەپەس ياساشقا، ياپراقلىرى سېۋەت ياساشقا، پاخاللىرى ئارغامچا ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ، مېۋىسىنى ئىنسانلار يېسە، ئۇرۇقى ھايۋانلارغا ھەلەپ قىلىپ بېرىلىدۇ. مۆمىنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ھەممە تەرەپتىن پايدىلىق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەقلى ھەق ئۈچۈن ئويلايدۇ، تىلى راست سۆزلەيدۇ، غەيۋەت قىلمايدۇ، گەپ توشۇمايدۇ، باشقىلارغا لەقەم قويمايدۇ، باشقىلارنى تىللىمايدۇ، قولى رەھىمسىزلىكنى، باشقىلارغا ئازار بېرىشنى ۋە ئوغرىلىق قىلىشنى بىلمەيدۇ، بەلكى باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ياخشى ئىشلارنى قىلىدۇ، كۆزى ھارامغا قارىمايدۇ، قۇلىقى ئوغرىلىقچە گەپ تىڭشىمايدۇ، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەپ يۈرمەيدۇ، شۇڭا ھەرقانداق كىشى مۆمىندىن ياخشىلىق كۈتىدۇ، مۆمىندىن يامانلىق كەلمىگەچكە كىشىلەر مۆمىنىنىڭ يامانلىق قىلىشىدىن خاتىرجەم بولىدۇ.

6- خورما دەرىخىنىڭ مېۋىسى يىل بويى ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ، يىل بويى بازارغا كىرىدۇ، خورما غورا ھالىتىدىمۇ، پىشقان ۋاقتىدىمۇ، ھەمدە قۇرىغان ھالىتىدىمۇ يېيىلىدۇ. مۆمىنمۇ شۇنداق، ئەتراپىدىكىلەرگە توختاپ قالماي ئۈزلۈكسىز پايدا- مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ، ياردەم قىلىدۇ، سىلە رەھىم قىلىپ يوقلايدۇ، يۆلەيدۇ، باشقىلارنىڭ ھالىغا يېتىدۇ.

7- خورما دەرىخىگە چالما ئاتسىڭىز مېۋە تاشلاپ بېرىدۇ. مۆمىن كىشىمۇ شۇنداق، يامانلىقنى يامانلىق بىلەن قايتۇرماي، يامانلىققا ياخشىلىق قىلىپ جاۋاب بېرىدۇ، پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەقتە مۆمىنلەرگە باشلامچى ۋە ئۈلگە بولغان، ئۇ ئۆزىگە بەرمىگەن كىشىگە بەرگەن، ئۇنى يوقلىمىغان كىشىنى يوقلىغان، زۇلۇم قىلغانلارنى كەچۈرۈۋەتكەن، باشقىلارنىڭ نادانلىقىنى ۋە ناچارلىقىنى كەڭ قورساقلىق ۋە ئەپۇچانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلغان.

8- خورما دەرىخى يىل بويى ياپراقلىق ھالەتتە ياپ-يېشىل تون كىيگەن بولىدۇ. مۆمىنمۇ تەقۋالىق ۋە ئالىيجاناب ئەخلاق تونىنى ئۆمۈر بويى سالمايدۇ. شەرمى-ھايا، كەمتەرلىك ۋە پەزىلەت ئۇنىڭدىن نېرى كەتمەيدۇ.

9- خورما دەرىخىنىڭ سايىسى يېنىك بولۇپ، ئەتراپىدىكى زىرائەت ۋە دەل- دەرەخلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلمايدۇ، زەرەر يەتكۈزمەيدۇ. مۆمىنمۇ ئەتراپىدىكى قوشنا، دوست- بۇرادەرلىرىگە ئېغىرلىق سالمايدۇ، قوشنىلارنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىدۇ.

(ئاپتور: مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## بىر تېۋىپنىڭ نەسىھىتى

مۇنۇ ئۇن ئىشنى قىلىڭ: پېقىرلىقنىڭ يىلتىزىنى كەمتەرلىكنىڭ يىلتىزى بىلەن قوشۇپ، تەۋبىنىڭ ھېلىلىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ، رىزالىقنىڭ ھاۋانچىسىدا يەنچىك ۋە ئۇنى تەقۋالىقنىڭ قازىنىغا سېلىپ، ھايانىڭ سۇيىدە، مۇھەببەتنىڭ ئوتى بىلەن قاينىتىڭ ۋە ئاندىن شۈكرىنىڭ جامىغا (قاچىسىغا) قويۇپ، ئۈمىدنىڭ يەلپۈگۈچىدە بىر ئاز سوۋۇتۇڭ، ئاندىن ھەمدۇسانانىڭ قوشۇقى بىلەن ئىچىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز ھەممە بالا-قازا دەردىڭىزگە بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەت شىفا بولغاي.

(«مۇنەببىھات»، 10-بابىدىن؛ گۈچۈڭ ناھىيىسىدىن بەدرىدىن مۇھەممەد داموللا ھاجىم تەييارلىغان)

# ئالىم-ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر

سابىر ئىمام

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئالىم-ئۆلىمالار قاراڭغۇدا كىشىلەرگە يورۇقلۇق ئاتا قىلىدىغان نۇرلۇق چىراغقا ئوخشاش بولۇپ، چىراغ ئۆزىنىڭ كۆيۈشى بەدىلىگە باشقىلارغا يورۇقلۇق بېغىشلىغاندەك، ئالىم-ئۆلىمالارمۇ بىلىمى ئارقىلىق ئاۋاملارنىڭ قەلبىنى يورۇتىدىغان ۋە ئازغۇنلۇقتا قالغان كىشىلەرگە يول كۆرسىتىپ بېرىدىغان نۇرلۇق چىراغدۇر. رەسۇلۇللاھ بىلىم ئارقىلىق باشقىلارنىڭ قەلبىنى يورۇتىدىغان چىراغ مەسەللىك ئالىم-ئۆلىمالارنى ئىلگىرىكى زاماندىكى ئۈممەتلەرنىڭ پەيغەمبەرلىرى بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە يۈكسەك دەپ قارىغان ۋە ئالىم-ئۆلىمالارغا "پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى" دېگەن شان-شەرەپنى بەرگەن. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ ھەدىستە: **"ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر"** دەپ ئېلان قىلغانىدى.

پەيغەمبەرلەرگە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزۈش ئۆمۈرلۈك ۋەزىپە بولغىنىدەك، ئۆزىنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى دەپ پەخىرلەنگەن ئالىم-ئۆلىمالىرىمىزغا جامائەتنى توغرا يولغا يېتەكلەشمۇ ئۆمۈرلۈك ۋەزىپىدۇر. ئاللاھ بۇ توغرىلىق مۇنداق دېدى: **"سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ يامان ئىشلارنى مەنئىي قىلىدىغان بىر تۈركۈم جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر"** {سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 104-ئايەت}. بۇ ئايەت ۋە ھەدىستىن، كىشىلەرنى ھەر قانداق ئورۇندا ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسالايدىغان ھەم شۇنداق ئىشلارغا جۈرئەت قىلالايدىغان كىشىلەر ئاندىن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىز باسارلىرى بولالايدىغان ھەقىقىي ئالىم-ئۆلىمالاردۇر، دېگەن ئۇقۇمنى چۈشىنىۋالالايمىز. ئاللاھ ئالىم-ئۆلىمالىرىمىزغا بۇ ۋەزىپىنى خاس مەسچىت-خانىقالىرىمىزدا ئېلىپ بېرىشقىلا چەكلەپ قويماستىن، ئىمكانىيەت يار بەرگەن ئاساستا زېمىننىڭ باشقا جايلىرىدا ئېلىپ بېرىشنى بەلگىلىدى. چۈنكى ئالىم-ئۆلىمالىقتىن ئىبارەت بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى بىزگە ئاللاھ ئاتا قىلدى، بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ: **"ئاللاھ بىر كىمگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىق ئاتا قىلماقچى بولسا، ئۇ كىشىنى دىندا ئالىم قىلىدۇ"** (بۇخارى رىۋايەت قىلغان) دېگەن.

دىنىي ئىلىمدا ئالىم بولۇپ كامالەتكە يېتىش ئاللاھنىڭ شۇ كىشىگە بەرگەن چوڭ ئىنئامىدۇر. ئاللاھ بۇ ساھەدە خالىغان بەندىلىرىنىلا يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ. چۈنكى ئاللاھتىن قورقىدىغانلار ھەقىقىي ئالىملاردۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە: **"ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ"** دېگەن {سۈرە «فاتىر» (35-سۈرە) 28-ئايەت}. دېمەك دىنىي بىلىم ئالغان كىشىنىڭ ھەممىسى داموللا، ئالىم-ئۆلىما بولۇپ چىقىشى ناتايىن. بۇنداق كاتتا ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغانلارلا ئاندىن ھەقىقىي ئالىم-ئۆلىما ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، ئىلىم ئىشلىرىدا نىيەت چوقۇم دۇرۇس بولۇشى كېرەك. نىيىتى ئەگرى كىشىلەرنىڭ بىلىملىك بولۇپ قېلىشى چوڭ ئاپەتتۇر. بۇنداق كىشىلەرنى شەيتان سۈپەت دېسەك ئېشىپ كەتمەيدۇ. نەقىل قىلىنىشىچە، شەيتانمۇ پەرىشتىلەرنىڭ سەردارى ۋە ئالىمراقى ئىكەن. ئەمما ئۇنىڭ بىلىمى ئاسىيلىقنىڭ ئالدىنى ئالالمىدى. ئىككىنچىدىن، بىلىم ئىنسانلارنىڭ ئىناۋەت-ئابروي، شان-شۆھرەت قازىنىشىنىڭ دەسمايىسىگە ئايلانماسلىقى كېرەك. ئالىم-ئۆلىمالاردا ھەسەتتىن قىلچە ئەسەر بولماسلىقى، ئۇلار بىر-بىرىدىن سۈرۈن تالاشماسلىقى، ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تونۇشى، شۇنداقلا بۇ ۋەزىپىنى ئاللاھ تەرىپىدىن تاپشۇرۇۋالغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك. پەيغەمبەرلەردىن بىزگە ئىناۋەت، شان-شۆھرەت مىراس

قالماستىن بەلكى بىلىم مىراس قالدى. رەسۇلۇللاھ ھەدىستە: **"ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. پەيغەمبەرلەر مال-دۇنيانى مىراس قالدۇرماستىن بەلكى بىلىمنى مىراس قالدۇرۇپ كەتتى. ھەر قانداق كىشى ئەنە شۇ بىلىمنى ئىگىلىسە ئۆزىنىڭ نېسىۋىسىگە تولۇق ئېرىشىدۇ"**، **"قىيامەت كۈنى ئاللاھ 3 تۈرلۈك كىشىگە شاپائەت قىلىش ھوقۇقىنى بېرىدۇ، ئۇلار پەيغەمبەرلەر، ئالىم-ئۆلىمالار، شېھىتلەردۇر"**دېگەنىدى. (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ئالىم-ئۆلىمالارنىڭ قىيامەتتە ئېرىشىدىغان دەرىجىسى يۇقىرى بولغىنىدەك، بىلىمنى ئىشلەتمىگەن ياكى بىلىمگە ئەمەل قىلمىغان ئالىملارنىڭ ئالغان بىلىمى قىيامەت كۈنى ئۆزىگە ھەسرەت ۋە ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ھەدىستە"**بىلىمنى يوشۇرۇپ باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزمىگەن ئالىمغا قىيامەت كۈنى ئوتتىن يۈگەن سېلىنىدۇ**" دېگەنىدى (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). بىلىملىك كىشىلىرىمىز قىيامەت كۈنى ئوتتىن يۈگەن سېلىنىدىغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ۋە ھەرقانداق شارائىتتا، ئۆز بىلىمنى يەتكۈزۈپ تۇرۇشى كېرەك. ئاللاھ بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە: "**ۋەز-نەسىھەتكە پايدىلىق بولىدىغان بولسا، (كىشىلەرگە قۇرئان بىلەن) ۋەز-نەسىھەت قىلغىن. ئاللاھتىن (قورققان) ئادەم ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەڭ شەقى ئادەم ۋەز-نەسىھەتتىن قاچىدۇ**"دېگەنىدى {سۈرە«ئەئلا»(87-سۈرە)، 9—11-ئايەت}، بۇ ئايەتتىن ۋەز-نەسىھەت قىلىش ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانى بولۇپ، ئالىم-ئۆلىما، خاتىپلىرىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيمىز. ئۇلار ھەر نامازنىڭ ئالدى-كەينىدە، ھېيت نامىزى، مېيىت نامىزى قاتارلىق دىنىي پائالىيەتلەردە ۋە نىكاھ خۇتبىسى ۋە جۈمە خۇتبىسىنىڭ تەرجىمىسىنى ئۇيغۇرچە قىلىش ئارقىلىق جامائەتلەرنى دىنىي ئەقىدە، ئىبادەت قاتارلىق ئىشلاردىن تولۇق خەۋەردار قىلىشى كېرەك. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ: "**مەن كىشىلەرگە بىلدۈرگۈچى بولۇپ ئەۋەتىلدىم**"دېگەنىدى(ئىبنى ماججە رىۋايەت قىلغان).

بىزنىڭ ئالىم-ئۆلىما، ئىمام-خاتىپلىرىمىز ئىچىدىمۇ بۇ خىزمەتكە قانداق ئورۇنلىشىپ قالغىنىنى، بۇ خىزمەتنى كىمنىڭ تاپشۇرغانلىقىنى ۋە نېمە ئۈچۈن، نېمە مەقسەت بىلەن قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغانلىرى خېلى كۆپ. روشەنكى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىمىزنىڭ نەزىرىدە ئالىم-ئۆلىمالىرىمىز بىر نەرسىنى ئالدىدىن سېزەلەيدىغان "سەزگۈرلەر قاتلىمى" ھېسابلىنىدۇ. مۇسۇلمانلىرىمىز تاشقى ئۇچۇرلارنى شۇلار ئارقىلىق ئاڭلايدۇ ھەم ئىگىلەيدۇ. ئالىم-ئۆلىمالارنىڭ نېمىنى قوبۇل قىلىپ، نېمىنى تەرك ئېتىشى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئىشى بولماستىن، كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئومۇمىي مەسىلىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. چۈنكى ئالىملىرىمىز ئاۋاملارنىڭ بېشى ھېسابلانغاچقا، ئۇلار تەبىئىيلا ئاۋامغا يېتەكچىلىك قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئاۋامنىڭ ھەممىسى بىلىملىك، دانا بولۇپ كەتمەيدۇ، ئۇلار كۆپ ھاللاردا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن غاپىللىقتا، نادانلىقتا يۈرۈپ قالىدۇ، بەزىدە ھەتتا جەمئىيەتتىكى ئېزىقتۇرۇشلارغا ئالدىنىپ كېتىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: "**ئۇلار: 'ئەگەر بىز پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان بولساق، ياكى چۈشەنگەن بولساق، ئەھلى دوزاخ قاتارىدا بولماس ئىدۇق' دەيدۇ**"دېگەن {سۈرە«مۇلك» (67-سۈرە)، 10-ئايەت}. رەسۇلۇللاھمۇ بۇ توغرىلىق: "**ئالىمنىڭ ئۇلۇغلۇقى تەقۋادار كىشىلەرگە نىسبەتەن 14 كۈنلۈك تولۇن ئاينىڭ باشقا ئاسمان جىسىملىرىدىن يورۇقراق بولغىنىغا ئوخشاشتۇر**"دېگەن (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

شەرق دانىشمەنلىرىنىڭ ئىزچىل سادىر قىلغان خاتالىقى شۇكى، ئۇلار ئۆز دەۋرىدە قۇرئان خالىقمۇ، مەخلۇقمۇ؟ جەننەت نېمە ئۈچۈن سەككىز؟ دوزاخ نېمە ئۈچۈن يەتتە؟ دېگەندەك مەسىلىلەر ئۈستىدە 800 يىل مۇنازىرىلەشكەن. بۇ دەل ئىلمى كالام دەۋرى بولدى. ئۇلار بۇ سوئاللار بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگەچكە شۇ زاماندىن باشلاپ شەرق خەلقى جۈملىدىن بارلىق مۇسۇلمانلار مەھكۇملۇق تەقدىرىگە مۇپتىلا بولۇشقا باشلىغان. بۇ دەل ئەنگلىيە سانائەت ئىنقىلابىنىڭ ۋۇجۇدقا چىققان دەۋرى ئىدى. شۇ دەۋرنىڭ بىر مۇنچە ئالىم-ئۆلىمالىرى بەزى پائالىيەتلەر ۋە مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ كۆپلىگەن ۋاقىت ئىسراپچىلىقى ۋە نادانلىقنى قالدۇرغان. بۇ ئۇدۇم بىزنىڭ قىسمەن ئالىم-ئۆلىما، ئىمام-خاتىپلىرىمىزغا قالغان بولۇپ، ئۇلاردىن بىر مۇنچىسى ھازىرقىدەك بىلىم رىقابىتى، ئىقتىسادىي رىقابەت ۋە مەدەنىيەتلەر رىقابىتى بولغان دەۋردىمۇ زۆرۈر بولمىغان تېمىلار ھەققىدە مۇنازىرە قىلىشىپ كانايلىرى يىرتىلغۇدەك تۇۋلىشىپ، بىر-بىرىگە ھۆرپىيىشىپ يۈرگەچكە، ئۇلارنىڭ دىنىي ئىشلىرىمىزغا پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ بولماقتا. رەسۇلۇللاھ: "**جامائەت بىلەن بىرگە بولۇڭلار، چۈنكى ئاللاھنىڭ ياردىمى جامائەتنىڭ ئۈستىدە**" دېگەن(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). ھالبۇكى بىر قىسىم ئۆلىمالىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تەمەنالىق، شۆھرەتپەرەسلىك ئۆزئارا ھامكارلىشىشقا يول قويمىدى، ئۇلار مەنپەئەتپەرەسلىكتىن

كېچەلمىدى. جامائەتلەر سەركىسى بولۇشقا تېگىشلىك بۇ ئۆلىمالىرىمىز باشقىلارنىڭ سايىسىدە ئەركە بولۇپ يۈرۈۋاتىدۇ، بۇنداق ئادەملەرنىڭ خەلق ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى خەلقنىڭمۇ بىر بەختسىزلىكى، چۈنكى خەلق بىر قەدەر نادان، ساپاسىز بولسا ئاق-قارىنى پەرق ئەتمەيلا شۇ ئۆلىمالارغا ئەگىشىپ كېتىدۇ-دە، نەتىجىدە زىيانغا ئۇچرىغۇچى يەنىلا شۇ خەلق بولىدۇ.

زامانىمىزدا بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىگە قويۇلغان بىلىم ئىگىلىرى جامائەت ۋە ھۆكۈمەت بەرگەن بۇ شەرەپلىك ئىمتىيازدىن پايدىلىنىپ، جامائەتنى ئۆز بىلىمىدىن بەھرىمەن قىلىپ، قانۇن يول قويغان دائىرىدە دىنىي ئەقىدە ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار ئىشلارنى جامائەتكە تەشۋىق قىلىشى ياكى دۆلىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىيات ئۆزگىرىشلىرىدىن ئۇلارنى خەۋەردار قىلىپ، قانۇن ۋە سىياسەتنىڭ رولى، ماھىيىتىنى تەشۋىق قىلىشى، جامائەت سورۇنلىرىدا ئەدەپ-ئەخلاقلىق بولۇپ، بىر-بىرىگە ھۆرمەت قىلغان ئاساستا، ئۆزىنىڭ قىلىدىغان خىزمىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، قىلغان سۆزىدە جامائەتنى رازى قىلىشى لازىم. رەسۇلۇللاھ بۇ توغرىلىق: **"بىرىڭلار ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىندىشىدىن نەسىھەت تەلەپ قىلسا، دىنىي قېرىندىشى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ قويسۇن"** دېگەنىدى. شۇڭا مۇشۇنداق مۇقەددەس ۋەزىپىگە قويۇلغان ۋە ئىگە بولغان بارلىق ئالىم-ئۆلىمالىرىمىز، ئىمام-خاتىپلىرىمىز بۇ ۋەزىپىنى قەدىرلەپ، ئۈزلۈكسىز تىرىشىپ بىلىملىرىمىزنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق، سۆز قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغاندا، چوقۇم جامائەتلىرىمىزنى چوڭقۇر مەزمۇنلاردىن خەۋەردار قىلىشقا، «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»نى دەستۇر قىلىپ، ساپ ئىسلام روھىغا سادىق بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق ئېتىقاد-ئەقىدە ۋە گۈزەل ئەدەپ-ئەخلاقلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇستىمىزدىكى مۇقەددەس ۋەزىپىلەرنى يۇكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئورۇنداشقا تىرىشايلى!

(ئاپتور: ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# ئىسراپچىلىق ھارامدۇر

دىنىمىز بىزگە، قىلغان خىراجەتلىرىمىزدە ئوتتۇراھال يول تۇتۇشىمىزنى بۇيرۇيدۇ؛ پۇلنىڭ قايسى يول بىلەن تېپىلىشى، قەيەرلەردە قانداق خەجلىنىشى ۋە ئىنسانچە قانداق ياشاش ھەققىدە بىر قىسىم پرىنسىپلارنى ئېيتىدۇ. پۇل ئىنسانچە ياشاش، ھاجەتمەنلەرگە ياردەم قىلىش، دۇنيادا ئىنسانلارنىڭ مۇھەببىتىنى، ئاللاھنىڭ رىزاسىنى، ئاخىرەتتە بولسا ئەبەدىي سائادەت قازانماق ئۈچۈن تېپىلىشى كېرەك.

پۇل يىغىپ ئۇنى مۇۋاپىق خەجلىمىگەن پىخسىقلار پۇلنىڭ قۇللىرىغا ئوخشايدۇ. بۇنىڭ تەتۈرىسى ئىسراپخورلۇقتۇر. يەنى پۇتۇنلەي سېخىلىشىپ ئورۇنسىز پۇل خەجلىگەن، پۇلنى چېچىپ سورىغان، ھەممە نېمىسىنى دوغا تىككەن بىر باينىڭ ئاخىر گادايلىشىپ كېتىشى مۇقەررەردۇر. بۇ پىخسىقلىق ۋە ئىسراپچىلىقنىڭ ئاقىۋىتىدۇر. بېخىللىق ۋە ئىسراپچىلىقنىڭ ھەر ئىككىسى ئىسلامنىڭ ئەخلاق چۈشەنچىسىگە ئۇيغۇن ئەمەس.

مۇسۇلمان بېخىل بولماي تېجەشلىك بولۇشى كېرەك؛ خىراجەت قىلغاندا ئىسراپخور بولماي، مەرت بولۇشى كېرەك؛ خىراجەت ۋە ياردەملىرىنى ئۆز جايىدا، خەيرلىك ئىشلاردا قىلىشى لازىم؛ بېخىللىق ۋە ئىسراپخورلۇقتىن ساقلىنىپ، ئوتتۇراھال ۋە تەڭپۇڭ بىر يول تۇتۇشى لازىم. ئۇلۇغ ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: **" تۇغقانغا، مىسكىنگە، ئىبن سەبىلگە(خەير-ساخاۋەتتىن) ھەققىنى بەرگىن، (پۇل-مېلىڭنى)ناتوغرا يوللارغا سەرپ قىلمىغىن"** {سۈرە «ئىسرا»(17-سۈرە)، 26-ئايەت}. **"ئۇلار (يەنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر)خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇراھال خىراجەت قىلىدۇ"** {سۈرە «فۇرقان»(25-سۈرە)، 67-ئايەت}.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ ھەقتىكى ھەدىسلىرى مۇنداق: **"تېجەشلىك بولۇش، خىراجەتتە ئوتتۇرا ھال بولۇش تىرىكچىلىكنىڭ يېرىمىدۇر"** («فەتھۇل كەبىر» 1-جىلد، 507-بەت). **" تېجەشلىك كىشى مۇھتاج بولمايدۇ"** («ئەھمەد بىن ھەنبەل»، مۇسنەد 1-جىلد، 447-بەت).

ئىسراپچىلىق ماددىي ياكى مەنىۋى جەھەتتىن بولسۇن ئىنسانغا چوڭ زىيانلارنى سالىدىغان، ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى بۇزىدىغان، ئازابلىرىنىڭ مەنبەسى بولغان بىر مەرەزدۇر. بۇ مەرەزدىن (ئىللەتتىن) قۇتۇلۇش پرىنسىپلىق بىر تۇرمۇش تەرتىپىگە كىرىش بىلەن مۇمكىن بولىدۇ. مۇسۇلمانلار پرىنسىپلىق بىر ياشاش شەكلىنى تاللاپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھۇزۇرغا ئېرىشىشى لازىم.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد



# نەزەرىيىۋى فىزىكا ساھەسىدىكى ئۇيغۇر ئالىمە — مەدىنە ئابلىكىم

ئابدۇرۇسول ئابدۇرەھىم

ئەلمىساقتىن بېرى دىيارىمىزدا جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق ئارىسىدا ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىپ، قەلب تۆرىدە يادلىنىپ كەلگەن ئالىملار، تۆھپىكارلار كۆپلەپ يېتىشىپ چىققان.

ئۆتمۈشتە چېلىقارلىق نەتىجىلەرنى ياراتقان پۈتۈن-سۈرۈك ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۈگۈنكى گەۋدىسى ۋە ئىتىنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئۇيغۇر مىللىتى ئىچىدىنمۇ پەننىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە سەمەرىلىك نەتىجىلىرى بىلەن تونۇلۇۋاتقان ئالىملار، تۆھپىكارلار كۆپلەپ يېتىشىپ چىقتى ۋە چىقماقتا.

ئەنە شۇ ئالىملار ۋە تۆھپىكارلار ئىچىدە ئۆزىنىڭ نەزەرىيىۋى فىزىكا ساھەسىدىكى نەتىجىلىرى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ پەخرى، ئاساسى زەررىچىلەر ساھەسىدە ئۇيغۇرلار ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان ئايال دوكتور ئاشتى(پوستدوكتور)، ھازىر جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى يۇقىرى ئېنېرگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان مەدىنە ئابلىكىمنىڭ ئىش پائالىيەتلىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ، ئەلۋەتتە.

مەدىنە ئابلىكىم 1986-يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىغا ئىمتىھانسىز قوبۇل قىلىندى، ئۇ ناھايىتى تىرىشچان ۋە ئەقىللىق بولغاچقا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ دائىملىق پاراڭ ئوبيېكتى ئىدى. ئۇنىڭ كەسپى جەھەتتىكى ئىقتىدارى يۇقىرى بولغانلىقتىن فاكۇلتېت رەھبەرلىرى قارار چىقىرىپ سىنىپ ئاتلىتىپ ئوقۇتتى. تۆت يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىدا ئىزچىل «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى»بولۇپ باھالاندى. 1990-يىلى مەدىنە ئاسپىرانتلىق ئۈچۈن ئېلىنىدىغان دۆلەتلىك ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى خۇاڭ ۋېيچىڭ ئەپەندىنىڭ يېتەكچىلىكىدە نەزەرىيىۋى فىزىكا، مەيدان نەزەرىيىسى بويىچە ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىنى باشلىدى. ئوقۇش جەريانىدا ئۆزىگە ناھايىتى قاتتىق تەلەپ قويىدى. ھەر بىر مىنۇت ۋاقتىنى ناھايىتى چىڭ تۇتۇپ قېتىرقىنىپ ئۆگەندى. ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى ئۆگەنگەندىن تاشقىرى ئۆز كەسپىگە ئالاقىدار ماتېرىيال كىتابلارنى كۆپلەپ كۆردى. ”زامان، ماكان بىپايان، كېزىپ چىقالماس ئىنسان. كىتابەت قەترىسىدە بىلىم قۇياشى ئايان“ دېگەندەك ئۇنىڭ كەسپكە ۋە كىتابقا بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتى ئۇنىڭ كېيىنكى ئوقۇش ھاياتىغا پۇختا ئاساس سالدى. ئۇ بىر تەرەپتىن كىتاب ماتېرىيال دېگىزىغا غەۋۋاس كەبى چۆكسە، يەنە بىر تەرەپتىن تەبىئەت پەنلىرىنىڭ ئاساسى بولغان تەجرىبە قىلىپ كۆزىتىش مېتودىغا ھەر ۋاقىت ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ ئەڭ ئىنچىكە تەجرىبىلەرنى كۆڭۈل قويۇپ، ئىجتىھات بىلەن ئىشلىدى. ئىلگىرى ئاخىر بولۇپ بېيجىڭ يۇقىرى ئېنېرگىيە تەتقىقات ئورنىغا، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شاڭخەي شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق بىلىم يۇرتلىرىغا بېرىپ ئەمەلى ماتېرىيال توپلىدى ھەمدە نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئېچىلغان خەلقئارالىق ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى. 1994-يىلى ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، 9-ئايدا مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئالاھىدە تاللاپ بېكىتىشى ئارقىسىدا ئىتالىيىدىكى خەلقئارالىق نەزەرىيىۋى فىزىكا تەتقىقات مەركىزىگە بىر يىللىق ئوقۇشقا ئاتلاندى. شۇ يىلى بۇ مەركەزگە جۇڭگودىن پەقەت مەدىنەلا بارغان

بولۇپ، ئۇ جۇڭگودىن بارغان تۇنجى ئوقۇغۇچى ئىدى. تەتقىقات مەركىزىنىڭ تۈزۈمى ئىنتايىن چىڭ، دەرس مەزمۇنى قىيىن ۋە مۇرەككەپ بولۇپ، ئەگەر ئۆتۈلىدىغان دەرستىكى ئىككى پەندىن لاياقەتلىك بولالماي قالسىلا جۇڭگوغا بېرىلىدىغان سان بىكار قىلىنىپ كېتەتتى-دە، شۇنىڭ بىلەن مەدىنەنىڭ كەيىندىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىستىقبالىغا تەسىر يېتەتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى ئەمەس ۋەتەنىنى، مىللەتنىڭ ئىستىقبالىنى كۆپرەك ئويلاپ ئالاھىدە تىرىشتى. كۆپ ھاللاردا تاڭلارنىڭ قانداق ئېتىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالاتتى. كۆز قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ كۆز ئەينەك تاقاش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن ئىدى. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ سىنىپىدىن ئىككى ئوقۇغۇچى ئوقۇيالماي دۆلەتكە قايتىپ كەتتى، بۇ ھال مەدىنەگە قاتتىق تەسىر قىلدى. شۇ چاغدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى ژا چاۋچىڭ ئەپەندى بۇ مەركەزگە ئىككى ئايلىق خىزمەت بىلەن زىيارەتكە كەلگەن بولۇپ، ئۇ مەدىنەگە: "مەدىنە، سەن جۇڭگودىن يەنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن تۇنجى بولۇپ بۇ ئوقۇشقا كەلگەن ئوقۇغۇچى، سېنىڭ بۇ ئوقۇشنى غەلىبىلىك ئاياغلاشتۇرۇش- ئاياغلاشتۇرالماسلىقىڭ دۆلىتىمىزدىن چىقىپ ئوقۇيدىغانلارنىڭ يولىنى ئېچىشقا مۇناسىۋەتلىك، ئەگەر سەن ئوقۇشنى لاياقەتلىك تۈگىتەلمىسەڭ، تەتقىقات مەركىزى بىزگە بېرىدىغان ساننى بىكار قىلىپ، بۇندىن كېيىنكىلەرنىڭ يولى توسۇلۇپ قالىدۇ" دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەدىنە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، يەنىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ سەككىز خىل دەرستىن ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتتى ۋە ئوقۇش پۈتتۈرۈش ماقالىسىنى ئوتۇقلۇق تاماملىدى. بۇنىڭ بىلەن باشقىلارغا يول ئېچىلىپ شىنجاڭدىن ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئالتە نەپەر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى بۇ مەركەزگە بىلىم ئاشۇرۇشقا باردى. مەدىنە شۇ جايدا تۇرۇپ بىر تەرەپتىن ئۆتۈلىدىغان دەرسنىڭ ھۆددىسىدىن چىقسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەنگلىيە دورخام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورلۇق ئوقۇشى ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىپ ئۇقۇش پۈتتۈرۈش ھارپىسىدا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتى ۋە 1995-يىلى ئەنگلىيەگە ئاتلاندى. ئەنگلىيە دورخام ئۇنىۋېرسىتېتى 170 يىللىق تارىخقا ئىگە مەكتەپ بولۇپ زەررىچىلەر فىزىكىسى كەسپىدە دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ساناقلىق مەكتەپلەرنىڭ بىرى ئىدى. مەدىنەنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى ئەنگلىيە خان جەمەتى ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ ئاكادېمىكى، ماتېماتىكا-فىزىكا ئالىمى ئى كورىگىن ئەپەندى ئىدى. مەدىنە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاساسى زەررىچىلەر فىزىكا ئىلمى بويىچە دوكتورلۇق ئوقۇشىنى باشلىدى. مەدىنەنىڭ تەتقىقات يۆنىلىشى ئىككى ئۆلچەملىك كۋانىت مەيدان نەزەرىيىسى ئىدى، ئۇ مۇشۇ تەتقىقات يۆنىلىشى بويىچە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان ماتېرىياللارنى كۆردى، ئىزدەندى، كونكرېت ھېسابلاش ئېلىپ باردى. ئۆگىنىشتە دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلار ئالدىدا ئىرادىسىنى قەتئىي بوشاشتۇرۇپ قويمىدى. يېتەكچى ئوقۇتقۇچى ۋە فاكۇلتېتتىكى باشقا ئوقۇتقۇچىلار بىلەن كۆپلەپ پىكىر ئالماشتۇردى، ئۇ ئۇقۇش جەريانىدا ئىككى قېتىم ئىتالىيىدە ئېچىلغان يازلىق كۇرسقا، جۇڭگو، شوتلاندىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيەدە ئېچىلغان خەلقئارالىق ئاساسى زەررىچىلەر ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشتى، كەسپى جەھەتتىكى سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى.

نەزەرىيىۋى فىزىكا ساھەسى ماتېماتىكىلىق تىل ئارقىلىق ئالىي ئۆلچەمگە يېتىشنى تەلەپ قىلىدىغان، ئېنىقلىق، ئىنچىكىلىك ۋە لوگىكا جەھەتتىكى مۇكەممەللىك بىلەن ماددىي دۇنيا قانۇنىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، مەلۇم نوقۇل نۇقتىنى تەجرىبە ئارقىلىق كۆزىتىدىغان ئىلىم بولۇپ، ھەر بىر ئىلىم ئىگىسىدىن زور تىرىشچانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ساھەگە قەدەم قويغان ۋە ئىلمى مەسىلىنى ھەل قىلماقچى بولغان ھەر بىر كىشىدە خۇددى ئامېرىكىلىق مەشھۇر شائىر، مودېرنىزم شېئىرىيىتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى تېئېس ئېلىئوت ئېيتقاندەك: "ھۆددىسىدىن چىقىش قىيىن بىر ئىشنى قىلىشتا، ئادەمدە كۆيۈپ تۈگەيدىغان شامدەك ھېسسىيات بولۇشى كېرەك". مەدىنە تۆت يىللىق دوكتورلۇق ئوقۇشى جەريانىدا كۆپ ئىزدىنىپ ئاخىرى 1999-يىلى 11-ئايدا «چېگرالىق Sinh-gordon مودېلى ۋە ئۇنىڭ ئۇلترا سىممېترىك كېڭەيتىلىشى» ماۋزۇلۇق ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيىسىنى يېزىپ تۈگەتتى. نەزەرىيىۋى يۇكسەكلىكى ۋە قىيىنلىق دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان بۇ دوكتورلۇق ماقالىسىنى يېزىش جەريانىدا مەدىنە پەۋقۇلئاددە تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى.

مەدىنە ئابلىكىم 1999-يىلى 12-ئاينىڭ 20-كۈنى دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنى ياقلاپ، ئىككى سائەت داۋاملاشقان دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنى ياقلاش داۋامىدا ئەنگلىيىدىكى نەزەرىيىۋى فىزىكا ساھەسىدىكى مەشھۇر ئالىملاردىن تەشكىل تاپقان باھالاش ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ سورىغان ھەر بىر سوئالىغا ئىنگلىز تىلىدا قايىل

قىلارلىق جاۋاب بەردى. ئوقۇش پۈتتۈرۈش ماقالىسىگە باھالاش ھەيئەتىدىكىلەر بىردەك يۇقىرى باھا بەردى. ئەنە شۇ مىنۇتلاردىن باشلاپ مەدىنە ئۇيغۇر خەلقىمىز ئىچىدىن چىققان، ئاساسىي زەررىچىلەر ئىلمى بويىچە تۇنجى دوكتورلۇق سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن ئوقۇغۇچى بولدى. مەدىنەنىڭ دىسسېرتاتسىيە باھالاش پىكرىگە مۇنداق دەپ يېزىلغان ئىدى: ''چېگراسىز بوشلۇق جەھەتتىن ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمىغان Sinh-gordon مودېلىنى بۇ ساھەدىكى ئىلمى تەتقىقاتچى ئالىملار تولۇق تەتقىق قىلىپ بولغان ئىدى. لېكىن مودېلنىڭ بوشلۇق جەھەتتىن شەرت قويۇلغان چېگرالىق ھالىتىنى تېخى مۇكەممەل تەتقىق قىلىپ باقمىغانىدى. مەدىنە ئۆزىنىڭ دىسسېرتاتسىيىسىدە چېگرالىق Sinh-gordon زەررىچىلىرى ئېنېرگىيىسىنىڭ ئۆرۈلگەندىن كېيىنكى قايتىش مىقدارىنى ھېسابلاپلا قالماستىن، بۇ مودېلنى ئۇلترا سىممېترىك ئەھۋالغا كېڭەيتىپ تەتقىق قىلدى. بۇ خىزمەتنىڭ ئىلمىي نەتىجىسى تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، مۇتەخەسسىسلەر بۇرۇن ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلاردىكى چېچىلىش مىقدارىدىكى خاتالىقنى بايقاپ، ئۆزىنىڭ يېڭىچە كۆزقارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزدى. ئىككىنچى، ئۇلترا سىممېترىك شارائىتتا بوزۇن زەررىچىلىرىدىن باشقا يەنە فېرمىئون زەررىچىلىرىنىڭ قانۇنىيىتىنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك، فېرمىئوننىڭ ئىككى نۇقتىلىق گىرىن فۇنكسىيىسىنىڭ چېگرالىق شەكلىنى مەدىنە ئۆزىنىڭ ئىلمى تەتقىقاتىدا تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى. بوزۇن ۋە فېرمىئوننىڭ چېچىلىش مىقدارىنى ھېسابلاش گەرچە تېخنىكا جەھەتتىن قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان خىزمەت بولسىمۇ، مەدىنە ئۇنى ھېسابلاپ چىقتى. بۇ مۇشۇ ساھەدىكى قالتىس بىر چوڭ ئىلگىرىلەش بولۇپ ئىككى ئۆلچەملىك كۋانت مەيدان نەزەرىيىسىگە ئۆزىنىڭ يېڭى كۆزقارىشى بىلەن تۆھپە قوشتى. مۇشۇ ئىلمى نەتىجە ئۈچۈن دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىشكە قوشۇلىمىز''.

مەدىنە ئابلىكىمنىڭ دوكتورلۇق تەتقىقات نەتىجىسى خەلقئارالىق ھازىرقى زامان ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى، ئوقۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن يېتەكچى ئوقۇتقۇچىنىڭ تەكلىپى بويىچە ئەنگلىيەدە ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ يەنە يېرىم يىل ئىلمى تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندى، ئۇ مەكتەپتىكى ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش جەريانىدا مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارالىق ژۇرناللاردا يەتتە پارچە ئىلمى ماقالىسىنى ئېلان قىلدۇردى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككى پارچىسى خەلقئارالىق يىغىنلاردا ئوقۇلغان بولۇپ، يىغىنلارنىڭ توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى. مەدىنە 2000-يىلى 7-ئايدا مەكتەپنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ بولۇپ، ئەنگلىيەدە قېلىش پۇرسەتلىرى بولسىمۇ ئۇنىڭغا قارىماي ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى. مەدىنە جۇڭگوغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بېيجىڭدىكى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى يۇقىرى ئېنېرگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن 2000-يىلى 12-ئايدىن باشلاپ بۇ يەردە دوكتور ئاشتى تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ دوكتورئاشتى سالاھىيىتىگە مۇيەسسەر بولدى ۋە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى يۇقىرى ئېنېرگىيە دۆلەتلىك تەجرىبىخانىسىدا تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇ دوكتورئاشتىلىق تەتقىقات تېمىسىنى ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلقئارالىق ئىلمي ژۇرناللاردا بەش پارچە ئىلمي ماقالە ئېلان قىلدۇردى. مەدىنە ئابلىكىم جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئىشلەۋاتقان دوكتور ئاشتى سالاھىيىتىگە ئىگە تۇنجى ئايال تەتقىقاتچى. ئۇ BESخەلقئارالىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدىكى 30 نەپەر ئالىمنىڭ بىرىنچىسى بولۇپ تىزىلغان. مەدىنە ئابلىكىمنىڭ بۈگۈنكىدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشى ئۇنىڭ پەنگە بولغان كۈچلۈك قىزىقىشى، ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش جەريانىدىكى سەۋرچانلىقى، قىيىنچىلىققا يولۇققان چاغدا بەل قويۇۋەتمەيدىغان كۈچلۈك ئىرادىسى، ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى ئويلايدىغان ئالىيجاناب پەزىلىتىدىن بولغان، خالاس.

ئۇ ئۇزۇن يىللىق ئوقۇش جەريانىدا ئانا يۇرتىدىن، ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ كىشى يۇرتىدا مۇساپىرچىلىق، غېرىبلىق مىنۇتلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. ھەر قېتىم قىيىن ئۆتكەللەردىن ئۆتۈش ئالدىدىكى سۆزلەپ تۈگەتكۈسىز قىيىنچىلىقلار ئالدىدا قەتئىي بوشاشمىدى، جاپالار ئۈستى-ئۈستىلەپ كەلگەن چاغدا يۇرتىنى، ۋەتىنىنى، ئاتا-ئانىسىنى ۋە ئوماق پەرزەنتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئاتا-ئانىسىنىڭ تەربىيىلىشى، قېيناتا-قېينانىلىرىنىڭ ئۇنىڭ ۋە پەرزەنتىنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشى ۋە ئوقۇشقا شارائىت ھازىرلاپ بېرىشى، ئۇستازلىرىنىڭ ئەجرى، يولدىشى ۋىدات مىجىتنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى بولمىغان بولسا مەدىنەنىڭ بۇنداق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى تەس ئىدى. مەدىنە ئابلىكىمنىڭ ئاتىسى ئاگرونوم، ئاپىسى ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئاتا-ئانىسىنىڭ ھەر ۋاقىت قاتتىق تەلەپ قويۇشى، ياخشى ئۆگىنىش شارائىتى ھازىرلاپ بېرىشى، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەمدە بولۇپ

رىغبەتلەندۈرۈشى مەدىنەنىڭ ئۆرلەپ ئوقۇشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. بۇ ھەقتە مەدىنەنىڭ ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىدىكى يېتەكچى ئۇستازى خۋاڭ ۋېيچېڭ ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: "مەدىنە ئادەتتىكى بىر ئوقۇغۇچى، ئۇنىڭ ئالاھىدە يولىمۇ، قوللايدىغان ئارقا تېرىكىمۇ يوق. ئۇ پەقەت ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئۆگەندى، تىرىشتى. ئۇنىڭ بىرلا 'كەمچىلىكى' ئويۇن تاماشىنى بىلمەيتتى. شۇڭا ئاخىرىدا مۇشۇنداق نەتىجە مەدىنەگە مەنسۇپ بولدى". دەرۋەقە، مەدىنە ئۆزىنىڭ ئوقۇش ۋە تەتقىقات جەريانىدا ئالىملارغا خاس خىسلەتنى نامايان قىلدى. چەت ئەللەردە تۇرغاندا كەسپىي جەھەتتىلا ئۆزگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ قالماستىن، ئەخلاقى-پەزىلەت جەھەتتىمۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، مىللىتىمىزنىڭ ئوبرازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىمۇ بەلگىلىك رول ئوينىدى. ئۇ نەزەرىيىۋى فىزىكا ساھەسىدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان تۇنجى ئايال ئالىم، بولۇپ تارىختىن بېرى بۇ ساھەدە ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئالىم بولماسلىقتەك بوشلۇقنى تولدۇردى. ئۇنىڭ بۇ تۆھپىسىنىڭ ئۆزىلا ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت پەنلىرى تارىخىغا يېزىلىشقا تېگىشلىك. ئۇ دوكتورلۇق ئوقۇشىنى تاماملاپ، ياشلا ئالىملىق شۆھرىتىگە ئىگە بولدى. ئۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ سەنئەت ۋە ئىجتىمائىيەت پەنلىرى ساھەلىرىدە نەتىجە قازىنىپلا قالماي بەلكى تەبىئەت پەنلىرى ساھەسىدىمۇ زور ئۇتۇق قازىنالايدىغانلىقىنى دۇنياغا نامايان قىلدى. ئۇنىڭ چەتئەلدىكى ئىلمىي پائالىيەت ۋە نەتىجىلىرىدىن كۆپلىگەن چەتئەللىكلەر يېڭى يىپەك يولى باغرىدىكى ئىسلاھات قاينىمىدا كۆرەش قىلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ باتۇرانە جاسارىتىنى كۆردى. ئۇ ئېرىنمەي تەتقىق قىلغاچقا، ئۆز نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قان ۋە تەر سەرپ قىلغاچقا ئالىملىق تاجىنى كىيدى. شۇنى ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇكى، ئۇ ئالىم بولۇش ئۈچۈن ئەمەس بەلكى تەبىئەتتىكى مەھلىيا قىلغۇچى سىرلارنى يېشىش ئۈچۈن ئىزدەندى. بىز فىزىكا ئالىمەسى، ئۇيغۇر قىزى مەدىنە خانىمنىڭ تەبىئەت پېنى بولغان ئاساسى زەررىچىلەر ساھەسىدىكى تەتقىقاتىنى بوشاشتۇرماي، تېخىمۇ ئىنچىكە ۋە قىيىن بولغان، پەن بىناسىغا ئۇل سالىدىغان ئىلىم قەسرىنى روياپقا چىقىرىش يولىدا ھارماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، مىللىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئوبرازىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يەنىمۇ بۆسۈش خاراكتېرلىك يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىنى چىن دىلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز.

(ئاپتور: مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن)

(باش قىسمى 58-بەتتە)

مەسچىت ئوتتۇرىسىدىن پەس بولۇپ، ئۈچتىن ئالتە گۈمبىزى بار. جەنۇب تەرەپتىكى ئىككى بۆلىكى بىلەن شىمال تەرەپتىكى ئىككى بۆلۈكىگە 2 دىن 4 پەشتاق چىقىرىلغان، ھازىر ئۇ جەمئىي 8 پەشتاقلىق، 7 گۈمبەزلىك مەسچىتتۇر. مەسچىت ئىككى قېتىم قايتىدىن رېمونت قىلىنىپ، يەر يۈزىدىن 3-6 مېتىر ئېگىزلىكتىكى دۆڭلۈككە چىقىپ قالغاچقا، يىراقتىن بۇ ھەيۋەتلىك مەسچىت قۇرۇلۇشىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭدا ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبى تولۇق ئەكس ئەتكەن.

جۈمە مەسچىتىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە ئەسلىدە بىر ئىچكىرى-تاشقىرى قىلىپ سېلىنغان كىچىك مەسچىت بولۇپ، بۇ مەسچىتتە ئادەتتىكى كۈنلەردە كۈندىلىك بەش ۋاق ناماز ئوقۇلاتتى. جۈمە كۈنى بولسا، چوڭ جۈمە مەسچىتتە جۈمە نامىزى ئوقۇلاتتى. كېيىن بۇ مەسچىتمۇ كونىراپ كەتكەچكە، 1996-يىلى قايتا رېمونت قىلىنغان. ھازىر بۇ مەسچىتتە بەش ۋاق ناماز ئوقۇلىدۇ. 1998-يىلى پېشقەدەم ئېلى ئىسمائىل (ۋاڭلىق دەۋرىدىكى جۈمە مەسچىتىنىڭ جارۇپكەشى كېلەر ئىسمائىل غوجامنىيازنىڭ ئوغلى) پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن، ئۆزى مەبلەغ ئاجرىتىپ، جۈمە مەسچىت قورۇسى ئىچىگە، ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ يۇيۇنۇشى ۋە ھەر جۈمە كۈنى يىراق-يېقىندىن جۈمە نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن كەلگەن جامائەتنىڭ غۇسلى تاھارەت ئېلىشىغا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن بىر مۇنچا، مەسچىتنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى قويىدىغان بىر كىچىك ئامبار ۋە بىر كىچىك دەم ئېلىش ئۆيى سالدۇرغان. بۇ دەم ئېلىش ئۆيىگە نامازغا بالدۇر كەلگەن جامائەت ۋە ئەتراپتىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن قۇرئان ۋە دىنىي تەلىم-تەربىيە توغرىسىدىكى كىتاب ماتېرىياللار قويۇلغان.

قۇمۇل جۈمە مەسچىتى قۇمۇلدىكى تارىخى ئۇزۇن، قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى ئۆزگىچە، تىپىك ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى ئەكس ئەتكەن مەسچىتلەرنىڭ بىرى. قۇمۇل شەھەر ئىچى مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەر جۈمە كۈنى جۈمە نامىزى ئوقۇيدىغان ئاساسلىق دىنىي پائالىيەت مەركىزىدۇر.

(ئاپتور: قۇمۇل ۋىلايەتلىك موزېيدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر قانداق قىلغاندا دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ ماڭالايدۇ

ئابدۇكېرىم ھاجى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

بىز ھازىر 21-ئەسىردە ياشاۋاتىمىز، بۇ 21-ئەسىر ئىلىم-پەن ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغان، پۈتكۈل جەمئىيەت تورلاشقان، كىشىلەرنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بىر دەۋر. بىز ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى كىشىلەر دەۋر تەرەققىياتىغا يېقىندىن ماسلىشىش ۋە دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش ئۈچۈن تۆۋەندىكى تۆت تۈرلۈك ئىشنى ئادا قىلىشىمىز كېرەك.

## 1. ئىسلام دىنىنىڭ تىنچلىقپەرۋەر دىن ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي تونۇشىمىز كېرەك

ھەممىمىزگە مەلۇم، تىنچلىق، ھاياتلىق ۋە تەرەققىيات پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. تىنچلىق بولسا ھاياتلىق ۋە تەرەققىياتنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە تۈپ كاپالىتى. پەقەت بىخەتەر، ئىشەنچلىك، تىنچ مۇھىتتىلا ئىنسانىيەت خاتىرجەم، ياخشى ياشىيالايدۇ ھەم تەرەققىي قىلالايدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ شوئارى تىنچلىق ۋە ئىتتىپاقلىق. ئىناق-ئىتتىپاق بولۇش، دۆلەت تەۋەلىكى، مىللەت ئايرىمىسى، ئىرقىي پەرقى، نەسەبى ۋە جىنسىگە قارىماي دىنىي قېرىنداش دەپ تونۇش ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ ئىدىيىسى. ئاللاھ تائالا سۈرە «بەقەرە»نىڭ 208-ئايىتىدە مۇنداق دەپ چاقىرىق قىلغان: ”**ئى مۆمىنلەر! ئىسلام دىنىغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار(يەنى ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن ئەھكاملىرىغا بويسۇنۇڭلار، بەزى ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىپ بەزى ئەھكاملىرىنى تەرك ئەتمەڭلار)، شەيتاننىڭ يوللىرىغا (ۋە ئىغۋاسىغا) ئەگەشمەڭلار، شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر**“.

”ئىسلام“ (السلام) دېگەن سۆز ”ئەسلەمە-يۇسلىمۇ“ ( أسلم- يسلم ) دېگەن پېئىلنىڭ مەسدىرى بولۇپ، ”ئىتائەت قىلماق، تىنچلىق“ دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. ”مۇسۇلمان“ دېگەن سۆز ئەرەبچە ”مۇسلىم“ دېگەن سۆزدىن كېلىپ، پارسچىلاشقان سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى ”ئىتائەت قىلغۇچى، باشقىلارغا خاتىرجەملىك بېغىشلىغۇچى“ دېگەن بولىدۇ. بىز ھەر كۈنى ئۇچراشقان ۋاقتىمىزدا دەيدىغان مۇبارەك سالام ”ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم“ نىڭ مەنىسى ”تىنچلىق، خاتىرجەملىك، سالامەتلىك سىزگە مەڭگۈ يار بولسۇن“ دېگەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا سۈرە «ئال ئىمران»نىڭ 103-ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: ”**ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا(يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار**“. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەدىس شەرىفتە مۇنداق دەيدۇ: ”**مۆمىنلەر خۇددى بىنانىڭ خىشلىرىغا ئوخشاش، بىر-بىرىنى چىڭىتىپ مۇستەھكەملەيدۇ**“ (ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئەپسۇسكى بۈگۈنكى كۈندە ئاز ساندىكى بەزى ناچار ئادەملەر بىلىمسىزلىك، نادانلىقتىن ئۇ يەرلىك، بۇ يەرلىك دەيدىغان يۇرتۋازلىق، گۇرۇھۋازلىق ئىللەتلىرىنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋېلىپ، جەمئىيەتتە يامان تەسىر پەيدا قىلماقتا. بىز بۇنداق ئىللەتلەرگە خاتىمە بېرىشىمىز كېرەك. چۈنكى ئاللاھ تائالا سۈرە «ھۇجۇرات»نىڭ 10-ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: ”**مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا)قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھتىن قورقۇڭلار**“. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”**ھەقىقەتەن شەيتان ئىنساننىڭ بۆرىسىدۇر، خۇددى قوينىڭ بۆرىسىگە ئوخشاش، ئۇ شەيتان جامائەتتىن ئايرىلىپ قالغاننى، جامائەتتىن يىراقلاپ كەتكەننى، جامائەتكە قوشۇلماي بىر تەرەپتە تۇرۇپ قالغان ئادەمنى تۇتۇپ يەيدۇ(يەنى ئازدۇرىدۇ). بۆلۈنۈپ كېتىشتىن ساقلىنىڭلار، جامائەتنى ۋە ئاۋام خەلقنى لازىم تۇتۇڭلار**“ دېگەن (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان). دېمەك ”ئايرىلغاننى بۆرە يەپتۇ“ دېگەندەك، بۆلۈنۈش، ئىناقسىزلىق مىللەتكە بالايى ئاپەت ۋە ئازابلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. مەرھۇم مەرىپەتپەرۋەر، مائارىپچى، ۋەتەنپەرۋەر ئالىم ئابدۇقادىر داموللام ئېيتقاندەك: ”مىللەتنىڭ خار ۋە زەبۇن بولۇشى ئىككى ئىشتىن: يەنى جاھىل نادانلىقتىن ۋە تەپرىق-ئىتتىپاقسىزلىقتىن بولىدۇ“. ئاللاھ

تائالا سۈرە«ھۇجۇرات»نىڭ 13-ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: **"ئى ئىنسانلار! بىز سىلەرنى ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق. ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر".**

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەججىدە سۆزلىگەن نۇتقىدا: **"ئى خالايىق! سىلەرنىڭ رەببىڭلار بىر، ئاتاڭلار بىر، ھەممىڭلار بىر ئاتىدىن بولغان، ئادەم ئاتا تۇپراقتىن يارىتىلغان، ئەرەبلەر غەيرى ئەرەبلەردىن ئەۋزەل ئەمەس، غەيرى ئەرەبلەر ئەرەبلەردىن ئەۋزەل ئەمەس، قىزىل تەنلىكلەر ئاق تەنلىكلەردىن ئەۋزەل ئەمەس، ئاق تەنلىكلەر قىزىل تەنلىكلەردىن ئەۋزەل ئەمەس، كىم ئاللاھقا تەقۋادار بولسا ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلسا شۇ ئەۋزەل"** دېگەن (بەيھەقى رىۋايەت قىلغان).

جەمئىيەتتە بەزى بىلىمسىز، نادان ئادەملەر بىز ئەگىشىۋاتقان مەزھەپنى ئىنكار قىلىپ، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىغا تىل تەگكۈزۈۋاتىدۇ، ئۇ زاتنى ھاقارەتلەۋاتىدۇ. ئەگەر بۇلار ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ تارىخىدىن ئازراق خەۋىرى بولغان بولسا بۇنداق قىلمىغان بولاتتى. چۈنكى ئىمام ئەبۇ ھەنىفە خەلقئارا ئېتىراپ قىلغان ئۇلۇغ ئۇستازلارنىڭ بىرى، ئىسلام دىنى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر خىزمەت قىلىپ، ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ھىجرىيىنىڭ 80-يىلى ئىراقنىڭ كۇفە شەھرىدە تۇغۇلغان، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ، 67-يىلدىن كېيىن دۇنياغا كەلگەن، ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى نۇئمان ئىبنى سابىت. ئۇ 11 يېشىدا 30 پارە قۇرئاننى يادلاپ بولغان. 16 يېشىدا دادىسى بىلەن ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلغان. نۇرغۇنلىغان ئالىم-ئۆلىمالارنى ئۇستاز تۇتقان(ئۇستازلىرىنىڭ ئىچىدە 7 سى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى)، 700 ئادەمنى ئالىم قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىققان. بۇنىڭ ئىچىدە 40 نەپىرى كىتاب يازغان ئالىملار، بۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇرلىرى ئەبۇ يۇسۇف، مۇھەممەد ئىبنى شەيبانى، ئىمام زۇفەر، داۋۇد دائىي، ئەسئەد ئىبنى ئۇمەيل، يۇسۇف خالىد، يەھيا ئىبنى زەكەرىيا قاتارلىقلاردۇر. ئىمام ئەبۇ ھەنىفىگە تىل تەگكۈزۈۋاتقان ئاشۇ كىشىلەر بىرەر ئادەمنى ئالىم قىلىپ يېتىشتۈرۈپ باقتىمۇ؟ بىرەر پارچە كىتاب يېزىپ باقتىمۇ؟ ئۇلار ئازراق تەرجىمە كىتاب ئوقۇۋېلىپ ياكى ئازراق ئەرەب تىلى بىلىۋېلىپ ناھايىتى چوڭ سۆزلەيدۇ، بىلىملىك زاتلىرىمىزنى، ئۇستازلىرىمىزنى كۆزىگە ئىلماي ئۇلارغا تىل تەگكۈزىدۇ. ھەقىقىي ئوقۇغان، بىلىملىك كىشىلەر ئەبۇ ھەنىفىگە توغرا باھا بېرىدۇ. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ناھايىتى تەقۋادار كىشى ئىدى، ئۇ "ئىمام ئەزەم" دېگەن شەرەپ نامى بىلەن ناملانغان."ئىمام ئەزەم" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى"ئۇلۇغ ئىمام، ئۇلۇغ يولباشچى" دېگەن بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ نام بىلەن ئاتىلىشىدىكى سەۋەب: بىر كۈنى نۇرغۇنلىغان ئۆلىمالار يىغىلغان بىر سورۇندا بىر ئادەم: "بىر پاقلان تۇغۇلۇپ بىر قانچۇق ئىتنى ئېمىپ چوڭ بولسا ھالال بولامدۇ ياكى ھارام بولامدۇ؟" دېگەن سوئالنى قويىدۇ. بۇنىڭغا ھېچبىر ئۆلىما جاۋاب بېرەلمەيدۇ. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ئوتتۇرىغا چۈشۈپ جاۋاب بېرىدۇ: "ئەگەر پاقلان چوڭ بولۇپ قاۋىسا ھارام بولىدۇ، مەرىسە ھالال بولىدۇ". شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل خەلق ئۇنىڭغا"ئىمام ئەزەم"، يەنى"بۈيۈك ئىمام" دەپ نام بېرىدۇ. شۇڭا ھەر قانداق جايدا ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفىگە تىل تەگكۈزگەنلەرگە قەتئىي رەددىيە بېرىپ، دىيارىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىك-ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىشىمىز كېرەك. ئىتتىپاقلىق كۈچ، ئىناقلىق بەرىكەت، ئىتتىپاقلىق بولغاندا مۇقىملىق بولىدۇ، مۇقىملىق بولغاندا تەرەققىيات بولىدۇ، تەرەققىيات بولغاندا ئىقتىساد بولىدۇ، ئىقتىساد بولغاندا خەلقنىڭ تۇرمۇشى باياشات بولىدۇ. بۆلۈنۈش، ئىناقسىزلىق، ئىتتىپاقسىزلىق، ھەر قانداق دۆلەت، ھەر قانداق مىللەتنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ، ۋەيران قىلىدۇ، زاۋاللىققا يۈزلەندۈرىدۇ. بىز تارىخىمىزدا ئىتتىپاقسىزلىق، ئىناقسىزلىقنىڭ ئاچچىق ئازابىنى كۆپ تارتقان. بىز مۇسۇلمانلار ۋەتەننى قىزغىن سۆيىمىز، دىنىنى سۆيۈش، خەلقنىڭ بىرلىكىنى، ئىنچلىق ۋە مۇقىملىقنى قوغداشتا ھەر بىرىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بار، بىزنىڭ ئۇيۇشقان ۋە ئىتتىپاقلاشقان كۈچىمىز خەلقنى باياشات تۇرمۇشقا يەتكۈزۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان زور كۈچ. شۇڭا بىز ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقىمىزنى چىڭىتىپ، غەيرىتىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، كۈچ-قۇۋۋىتىمىزنى ئاشۇرغاندىلا دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ ماڭالايمىز.

## 2. ئىلىم- مەرىپەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، بىلىم سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك

ھەممىمىزگە مەلۇم، ئىسلام دىنى ئىلىم-مەرىپەت ئۆگىنىشكە ئۈندەيدىغان، ئەقىل-پاراسەتنى تەشەببۇس

قىلدىغان ئۇلۇغ دىن. مۇقەددەس دەستۇرىمىز «قۇرئان كەرىم»دە ئىلىمگە مۇناسىۋەتلىك سۆز 721 جايدا ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان. ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان تۇنجى ئايەتتە كەرىمدە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېگەن: "**ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن، ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر، ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى**" {سۈرە «ئەلەق»(96-سۈرە) 1—5- ئايەت}. ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتى كەرىمدە ئوقۇشنى، بىلىم ئېلىشنى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بۇيرۇش ئارقىلىق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى بولغان ھەر قايسىمىزنى ئومۇميۈزلۈك ئىلىم تەلەپ قىلىشقا چاقىرىق قىلغان، ئىنسانلارنىڭ نېمىدىن يارىتىلغانلىقىنى ئۆزگەرتىش مەقسىتىدە، ئىلىم تەلەپ قىلىشقا تەشەببۇس قىلىپ، "**ئوقۇغىن**" دەپ تەكرار خىتاب قىلىش ئارقىلىق، ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ نەقەدەر مۇھىم ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. قەلەم زىكىر قىلىنىش ئارقىلىق قەلەم بىلەن خەت يېزىشنى ئۆگىنىپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىپ، جاھالەتكە، نادانلىققا، خۇراپاتلىققا خاتىمە بېرىپ، ئەۋلادلارغا كىتاب يېزىپ قالدۇرۇپ، ئەڭ ئۈتكۈر قورال بولغان قەلەمنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ئىنسان ئىلىم ئۆگىنىشكە قانچە بېرىلىپ، ئىجتىھات قىلغانسېرى ئاللاھ ئۇ ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىنى بىلدۈرۈشكە قادىر زات ئىكەنلىكى قاتارلىق ئاساسىي مەزمۇن روشەن بايان قىلىنغان. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىلىم ئۆگىنىش ھەققىدە مۇنداق تەلىم بەرگەنىدى: "**ئىلىم تەلەپ قىلىش بۆشۈكتىن لەھەتكىچە بولۇر** (يەنى تۇغۇلغاندىن تارتىپ ۋاپات بولغانغا قەدەر ھاياتلىقتا ئىلىم تەلەپ قىلىڭلار)". يەنە بىر ھەدىس شەرىفتە: "**ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەر بىر مۇسۇلمان ئەر-ئاياللىغا پەرزدۇر**" دېگەنىدى (ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلىم تەلەپ قىلىشنىڭ ئەجىر ساۋابى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: "**كىمكى ئاللاھ تائالانىڭ رىزالىقىنى ئىزدەپ ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىدا ماڭسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتنىڭ يولىنى ئاسان قىلىدۇ**"(ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۈرەيرەدىن رىۋايەت قىلغان). "**ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىدا كىمنىڭكى ئىككى قەدىمى توپىغا مىلەنسە، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ جەسىتىنى دوزاخ ئوتىدا كۆيدۈرۈشكە ھارام قىلىدۇ**".

دېمەك، يۇقىرىقى ئايەت، ھەدىس شەرىفلەردە ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئاساسى ئىلىم-مەرىپەت ئىكەنلىكى، ئىلىم ئۆگىنىشتە ئەر-ئاياللىق پەرقىنىڭ بولمايدىغانلىقى، پۈتۈن ھاياتى بويىچە ئىلىم-مەرىپەتكە يۈزلىنىپ جاپاغا چىداپ ئىلىم-تەھسىل قىلىشنىڭ پەرزلىكى بايان قىلىنغان.

ئاللاھ تائالا سۈرە «مۇجادەلە»نىڭ 11- ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: "**ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر**". پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەر ۋارىسىدۇر. ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەر ئالتۇن تەڭگە مىراس قالدۇرغان ئەمەس، ئۇلار پەقەت ئىلىمنى مىراس قالدۇردى، كىمكى ئىلىم ئېلىشقا ماڭغان بولسا شۇ كىشى ئەڭ مۇكەممەل نەسىۋىگە ئىگە بولغان بولىدۇ**" (ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر رىۋايەت قىلغان).

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن ئىلىم ئاتا قىلىنغان كىشىلەرنىڭ نەقەدەر يۇقىرى مەرتىۋىدە بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىلىم ھېكمەت ئاتا قىلىنغان كىشىلەر ھەققىدە(سۈرە «بەقەرە»نىڭ 269-ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: "**ھېكمەتنى (يەنى ياخشى ئەمەلگە يېتەكلەيدىغان پايدىلىق ئىلىمنى) خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ؛ ھېكمەت ئاتا قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ. پەقەت ئەقىللىق ئادەملەرلا بۇنىڭدىن پەند-نەسىھەت ئالىدۇ**". پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەنىدى: "**ئىلىم-ھېكمەت مۆمىن بەندىنىڭ يۈتتۈرۈپ قويغان نەرسىسىدۇر، ئۇنى قەيەردە تاپسا ئۇ ئىلىم-ھېكمەتنى ئېلىۋېلىشقا ئۇ كىشى ھەقلىقتۇر**" (تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان).

دېمەك، بىز مۇسۇلمانلار ئىلىم- ھېكمەت ئۆگىنىشكە، ئىگىلەشكە ئەڭ ھەقلىق كىشىلەرمىز. ئۇلۇغ ئۇستازىمىز ئابدۇقادىر داموللام يازغان «مىفتاھۇل ئەدەب» دېگەن كىتابىدا مۇنداق بىر شېئىر بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: "ھەر قانداق نەرسىدە ئۈستۈنلۈك، بۈيۈكلۈك بولىدۇ، مەن ئىلىمنى ھەممە نەرسىدىن ئەڭ بۈيۈك ۋە ئەڭ ئۇلۇغ كۆردۈم. سەن ئىلىمدىن باشقىسىنى خەزىنە دەپ ئويلىمىغىن، ئىلىم بولسا تۈگىمەيدىغان خەزىنىدۇر. چۈنكى پۇل، مال-دۇنياغا ئوت كەتسە كۆيۈپ تۈگەيدۇ، ئوغرىلاپ، بۇلاپ كەتسە يوقايدۇ، قويمىچىلار قويۇپ كەتسە ۋاي ئىسىت دەپ قالىسىز. لېكىن قورساقتىكى ئىلىمنى ھېچكىم

بۇلىيالمايدۇ، قويمىچى قويۇپ كېتەلمەيدۇ، ئۇ ھەر دائىم بىزگە ھەمراھ بولىدۇ".

ئىسلام دىنى ئەقىل-ئىدراكقا شۇنچە تەنتەنە قىلىپ قالماستىن بەلكى ئۇنىڭ قەدىر-قىممىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ كائىنات ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈشنى ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەت دەپ ھېسابلايدۇ. «قۇرئان كەرىم»دىكى نۇرغۇن ئايەتلەر ئىنسانلارنىڭ دىققەت نەزىرىنى كائىنات ئىلىملىرىگە قارىتىدۇ، تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن دەرىخىنىڭ تۈرلۈك شاخچىلىرىدىكى ئىلمىي نەزەرىيىلەر ۋە ئىلمىي ھەقىقەتلەرگە ئىشارەت قىلىپ ئۆتىدۇ ھەم كىشىلەرنى ئومۇمىي جەھەتتىن پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئۈندەيدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە سۈرە«بەقەرە»نىڭ 164-ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: "**ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىشىدە، كىشىلەرگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن كېمىلەردە، ئاللاھ بۇلۇتتىن ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدىغان يامغۇردا، يەر يۈزىگە تارقىتىۋەتكەن ھايۋانلاردا، شامال يۆنىلىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدا، ئاسمان-زېمىن ئارىسىدا بويسۇندۇرۇلغان بۇلۇتلاردا، چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە(ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر باردۇر**". بۇ ئايەت كىشىلەرنىڭ تەبىئەتنى ۋە ئۆزىنى تونۇشىدا چوڭقۇر ئىلىم بېرىش رولىنى ئوينايدۇ، ئۇلارنىڭ تەبىئەتنىڭ سىرىنى ئېچىش ئۈستىدە ئىزدىنىش قىزغىنلىقىنى ئۇرغىتىدۇ، تەبىئەتنى تەتقىق قىلىش ۋە ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىش ئاكتىپلىقىنى قوزغايدۇ. ئاللاھ تائالا سۈرە«نەمل»نىڭ 88- ئايىتىدە مۇنداق دېگەنىدى: "**تاغلارنى تۇرغۇن ھالەتتە گۇمان قىلىسەن، ھالبۇكى ئۇلار بۇلۇتتەك چۆرگىلەپ تۇرىدۇ،(بۇ) ھەممە نەرسىنى پۇختا ياراتقان ئاللاھنىڭ ھۈنىرىدۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر**". بۇ ئايەتى كەرىم يەر شارىنىڭ ئايلىنىدىغانلىقىنى ئىشارەت قىلىدۇ. چۈنكى تاغ ئايلانمايدۇ، تاغنى كۆتۈرۈپ تۇرغان يەر شارى ئايلىنىدۇ.

دەسلەپكى دەۋر مۇسۇلمانلىرى يۇقىرىقىدەك ئايەت-ھەدىسلەرنىڭ ئىلھامى ۋە تۈرتكىسى بىلەن يۈكسەك ئىلمىي ئاڭغا ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە بولغانىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دادىل ئىزدىنىپ ئىلىمگە تەشنالىق بىلەن ئىنتىلىش روھى كەڭ قانات يايدۇرۇلغانلىقتىن ئىسلام دىنى روناق تېپىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كۆپلىگەن ئىلىم-پەن ئالىملىرى، ھەدىسشۇناسلار، تەپسىرشۇناسلار، فىقھىشۇناسلار ۋە تىلشۇناسلار بارلىققا كەلدى.

ئىسلام دىنى 7- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تېز تارقىلىپ شەرقتە ھىندىستاندىن پامىر تاغلىرىنىڭ بويلىرىغىچە، غەربتە ئوتتۇرا دېڭىزدىن ئۆتۈپ ئىسپان يېرىم ئارىلىغىچە، جەنۇبتا ئوتتۇرا ئافرىقىغىچە، شىمالدا قىپچاق دالاسىغىچە بولغان ئۈچ قىتئەگە تۇتاشقان كەڭ زېمىندا ئەرەب-ئىسلام مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. باغدات، قاھىرە، دەمەشق، ئىسكەندەرىيە، كوردۇۋا قاتارلىق مەدەنىيەت، ئىلىم-پەن مەركەزلىرى بارلىققا كەلگەن. بۇ جايلاردا نۇرغۇن مەدرىسلەر، كۇتۇپخانىلار، رەسەتخانىلار بەرپا قىلىنغان. ئوتتۇرا ئەسىردە نۇرغۇن ئالىملار ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە تۆھپە قوشقان. ماتېماتىكا، گېئومېترىيە، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، پەلسەپە، مېدىتسىنا قاتارلىق پەنلەردە زور ئۇتۇقلارنى قازانغان.

مەشھۇر ئىسلام ئۆلىمالىرىدىن يەئقۇپ كىندى، ئىبنى سىنا، ئىبنى خەلدۇن، مۇسا خارازىمى، ئىبنى ھەيسەم ۋە بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزدىن مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، موللا مۇسا سايرامى، ئابدۇقادىر داموللام، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىق ئىسمى ئاتالغان ۋە ئاتالمىغان نۇرغۇن ئۇستازلار دۇنياغا مەشھۇر ئالىملاردۇر. ئىسلام دىنى ۋە ئىمان بىزنىڭ قەلبىمىزنى پاكلايدۇ، ئىلىم-پەن بىزنى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرىدۇ. بىز روھىمىزنى مۇنچىغا چۈشكەندە يۇيۇپ تازىلىيالمايمىز، سۇ بىلەن پەقەتلا بەدىنىمىزنى پاكلىيالايمىز. روھىمىزنى پاكلاش پەقەت ئىمان-ئىسلام بىلەن بولىدۇ. ئىلىم-پەن بىزنىڭ قورسىقىمىزنى توق، كىيىمىمىزنى پۈتۈن قىلىدۇ، تۇرمۇشىمىزنى باياشات قىلىدۇ، ئىسلام دىنى بىلەن ئىلىم-پەن بىر-بىرىسىگە ھەرگىز زىت ئەمەس. ئىسلام دىنى ئادەمدىكى مېڭە بولسا، ئىلىم-پەن يۈرەككە ئوخشايدۇ، ئادەمدىكى مېڭە كاردىن چىقسا ئىنسان ساراڭ بولىدۇ، يۈرەك كاردىن چىقسا ئۆلىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىشقا ئىلھام بېرىشىدە ئىككى مەقسەت بار. بىرى، ئۆگىنىش ئارقىلىق ئېتىقادنى ساپلاشتۇرۇپ، ئىسلام دىنى ھەقىقىتىنى جارى قىلدۇرۇش؛ يەنە بىرى، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىپ، ئۆزىگىمۇ ۋە باشقىلارغىمۇ نەپ يەتكۈزۈپ ئىككى ئالەملىك بەخت يارىتىشتىن ئىبارەت. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابى كىراملارغا تەلىم بېرىپ: "**ئىلىم تەلەپ قىلىڭلار، ئەگەر ئۇ يىراق جۇڭگودا بولسىمۇ**" دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يەردە دەۋاتقان ئىلىم پەننىي ئىلىم، چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا جۇڭگودا ھەممە كىشىلەر باشقا ئېتىقادتا ئىدى، بۈگۈنكى كۈندە ھەر قايسى ئەرەب دۆلەتلىرىدىن نەچچە ئون مىڭ

مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، جۇڭگونىڭ ھەر قايسى ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا پەن-تېخنىكا ساھەلىرىدە تىرىشىپ بىلىم ئالماقتا.

پەن-مائارىپ بىر مىللەتنىڭ راۋاجلىنىشىدىكى مۇھىم ئاساس، بىر بىناغا ئۇل كېرەك بولغاندەك، مىللەتكە ئىمان بىلەن بىلىم كېرەك. دەرەخنىڭ يىلتىزى بولمىسا كۆكلەپ ياشنىيالمىغىنىدەك، مىللەتتە ئىمان، ئىلىم-ئىرپان بولمىسا ئۇ مىللەت گۈللىنەلمەيدۇ، ھەر قانداق بىر مىللەت ئىمان-ئېتىقاد، ۋىجدانىنى يوقاتسا، ئىلىم ئۆگەنمىسە خۇددى يىلتىزى يوق دەرەختەك قۇرۇپ تۈگەيدۇ. ئاللاھ تائالا سۈرە «رەئد»نىڭ 11-ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: "**ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە (يەنى ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگىچە) ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ**". شۇڭا قاچانكى بىز پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن ئىسلام دىنىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ، ئېتىقادىمىزنى ساپلاشتۇرساق، ئىلىم-مەرىپەت بىلەن مىللەتنى ئاقارتىش ئىشلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، ئارىمىزدىكى خۇراپاتلىق، نادانلىق، بىلىمسىزلىك، پىتنىخورلۇق قاتارلىق رەزىللىكلەرنى تۈگىتەلىسەك، ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە، ئىززەت-ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيمىز؛ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالايمىز.

### 3. ئىسلامنى گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەتنى ئومۇملاشتۇرۇشىمىز لازىم

ئىسلام دىنى ئەخلاق ئۈستىگە قۇرۇلغان دىن. ئەگەر ئەخلاق بولمىسا ئىسلام ئەقىدىسىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاجايىپ ئەخلاقلىق زات بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا سۈرە «قەلەم»نىڭ 4-ئايىتىدە ئالاھىدە ماختاپ: "**(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن**" دېگەن؛ يەنە سۈرە «ئەنبىيا»نىڭ 107-ئايىتىدە: "**(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق**" دېگەن. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**مەن ھەقىقەتەن گۈزەل ئەخلاقلارنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم**" (ئىمام مالىك رىۋايەت قىلغان).

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىككە تاللىنىشتىن ئىلگىرىلا ئۆزىنىڭ سەممىي ساداقەتمەنلىكى بىلەن كىشىلەر تەرىپىدىن "ئەمىن" (يەنى راستچىل، ئىشەنچلىك) دەپ ئاتالغان ئىدى. ئۇ ئەزەلدىن يالغانچىلىق قىلىپ باقمىغان، كىشىلەر ئارىسىدا ئەڭ ئاقكۆڭۈل، ئەڭ سەممىي زات ئىدى. بىز مۇسۇلمانلار پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ياخشى ئۈلگە قىلىپ، ھەر قانداق ۋاقىتتا راستچىل، سەممىي، ئىشەنچلىك بولۇشىمىز، يالغانچىلىق، كاززاپلىقتىن يىراق تۇرۇشىمىز لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: "**مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتى ئۈچ خىل: سۆزلىسە يالغان ئېيتىدۇ، ۋەدە قىلسا ئەمەل قىلمايدۇ، ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلىدۇ**" (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان). يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: "**ھەقىقەتەن راستچىللىق ئىنساننى ياخشىلىققا ئېلىپ بارىدۇ، ياخشىلىق ئىنساننى جەننەتكە ئېلىپ بارىدۇ، بىر ئادەم ھەمىشە راستچىل بولسا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا راستچىل ئادەم دەپ پۈتۈلىدۇ. يالغانچىلىق ھەقىقەتەن ئىنساننى پاسىقلىققا ئېلىپ بارىدۇ، پاسىقلىق ئىنساننى دوزاخقا ئېلىپ بارىدۇ، بىر ئادەم ھەمىشە يالغانچىلىق قىلسا، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كاززاپ دەپ پۈتۈلىدۇ**" (ئىمام بۇخارى بىلەن مۇسلىمدىن بىرلىككە كەلگەن ھەدىس).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىز مۆمىن بەندىلەرنى ھەر قانداق شارائىتتا يالغان سۆزلەشتىن توستى، چۈنكى يالغان سۆزلەش گۇناھى كەبىر، يالغان سۆزلىگەن ئادەم بۇ دۇنيادا خار، رىزقى تار بولىدۇ، ئۇ دۇنيادا بولسا تېخىمۇ يامان ئاقىۋەتكە قالىدۇ. شۇڭا بىز ھەر دائىم راستچىللىقنى ئۆزىمىزگە ھەمراھ قىلىشىمىز كېرەك. بىز مۆمىن مۇسۇلمانلار بىر-بىرىمىزگە كۆيۈنۈشىمىز، بىر-بىرىمىزنى ئاسرىشىمىز، ئۆزئارا ھۆرمەتلىشىپ ئۆتۈشىمىز كېرەك. ئىشنى ئاۋۋال ئائىلىمىزدىكى خوتۇن، بالا-چاقىلىرىمىزنى قەدىرلەشتىن، شۇنداقلا ئۇلارغا راستچىل، سەممىي بولۇشتىن باشلىشىمىز لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنىدى: "**سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئەڭ ياخشى ئادەم ئۆزىنىڭ خوتۇن، بالا-چاقىلىرىغا كۆيۈنگەن ئادەم، مەنمۇ سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئەڭ ياخشى ئادەم، مەنمۇ ئايال، بالا-چاقىلىرىمغا كۆيۈنىمەن**"؛ "**ئېسىل پەزىلەتلىك ئادەملەر ئاياللارنى قەدىرلەيدۇ، ئاسرايدۇ، پەسكەش، ناچار ئادەملەر ئاياللارنى خارلايدۇ**". پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بايان قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: "**مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆمرىدە ئاياللىرىنى بىر شاپىلاق ئۇرۇپ باقمىدى، ھەتتا ئۆيىدە خىزمەت قىلىدىغان خىزمەتكارلارنىمۇ ئۇرۇپ باقمىدى**". بەزى كىشىلەر ئۆيىگە

كىرسە خوتۇن، بالا-چاقىلىرىغا قاپاق تۈرۈپ، مۇشتىنى دېۋەيلەپ، ئۇلارنى قورقىتىدۇ، تالاغا چىقسا باشقىلارغا ھېجىيىپ ھالى قالمايدۇ. بۇنداق قىلىش قاملاشمىغانلىق. ئاۋۋال بىزنىڭ ئائىلىمىزدىكى خوتۇن، بالا-چاقىلىرىمىزنىڭ كۆڭلى سۇ ئىچىشى كېرەك. بىز ئۆزىمىزدە ھەر دائىم مۇلايىم، چىقىشقاق، رەھىمدىللىك، كۆيۈمچان بولۇش ئادەتلىرىنى يېتىلدۈرۈشىمىز لازىم. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بايان قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ''**ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا رەھىمدىل، كۆيۈمچاندۇر. ھەر قانداق ئىشتا رەھىمدىل بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ**''؛ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بايان قىلغان يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ''**كىمكى رەھىمدىللىك، مۇلايىملىقتىن مەھرۇم قالسا، بارلىق ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم قالىدۇ**''. دېمەك، قوپال، ئۇرۇشقاق، رەھىمسىز، ئىچى تار، جىلخور ئادەمدىن خوتۇن، بالا-چاقىلىرى نەپرەتلىنىدۇ، ئۇنى قولۇم-قوشنىلىرى، ئەل-ئاغىنىلىرى ئارىغا ئالمايدۇ، ئەل-جامائەت ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇيدۇ. پەرىشتىلەر ئۇنىڭدىن يىراق قاچىدۇ، ھەتتاكى ئاللاھ تائالامۇ قاتتىق بىزار بولىدۇ، بۇنداق كىشى ھەر ئىككى ئالەمدە رەسۋالىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: '' **قوشنا ئۈچ قىسىم بولىدۇ، ئەگەر قوشنا كاپىر بولسا ئۇنىڭ بىر ھەققى بولىدۇ(يەنى قوشنىدارچىلىق ھەققى)؛ ئەگەر قوشنا مۇسۇلمان بولسا ئۇنىڭ ئىككى ھەققى بولىدۇ (يەنى قوشنىدارچىلىق ھەققى ۋە ئىسلامىي ھەققى)؛ ئەگەر قوشنا مۇسۇلمان ھەم تۇغقان بولسا ئۈچ ھەققى بولىدۇ(يەنى قوشنىدارچىلىق ھەققى، تۇغقانلىق ھەققى ۋە ئىسلامىي ھەققى)** ''(تىبرانى رىۋايەت قىلغان). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە مۇكەررەمەدىن مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندە ئۇنىڭ يەھۇدىي قوشنىلىرى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن قەرز ئالاتتى، ئۇلارغا ھەدىيەلەرنى قىلاتتى، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى، ئۇ يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان. ئەخلاقى ناچار، باشقىلار بىلەن دائىم ئۇرۇشىدىغان ئادەملەرنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرىنى ئاللاھ تائالا ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ، دۇئالىرىنى ھەرگىز ئىجابەت قىلمايدۇ. شۇڭا بىز مۇسۇلمانلار ئىش-ھەرىكەتتە، گەپ-سۆزدە سىلىق-سىپايە، ئەخلاقلىق بولۇشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كەڭ قورساقلىق، سەۋرچانلىقنى ئۆزىمىزگە ھەمراھ قىلىشىمىز كېرەك. ئاللاھ تائالا سۈرە«ئەئراف»نىڭ 199-ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: ''**ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا(يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن، (يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن)**'' ؛ ئاللاھ تائالا يەنە «ئال ئىمران » سۈرىسىنىڭ 159-ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: ''**ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ، ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار ئەتراپىڭدىن تارقاپ كەتكەن بولاتتى**''.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى كەڭ قورساق، ئەپۇچان، سەۋرچان زات ئىدى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلار بىلەن ناماز ئوقۇپ ئولتۇرسا، تېشىدىن بىر ئەئرابى كىرىپ، مەسچىتنىڭ ئىچىگە سىيدى، ساھابىلار غەزەپلىنىپ، ئەئرابىنى ئۇرۇش ئۈچۈن ياقىسىغا ئېسىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا: ''**چېقىلماڭلار** ''دېدى. ھەم بىر چېلەك سۇ ئەكىلىپ، ئۆز قولى بىلەن جايىنامازنى يۇيۇپ تازىلىدى، ئاندىن كېيىن ئەئرابىغا مۇلايىملىق ۋە ئەپۇچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ: ''**بۇ مەسچىت ئاللاھنىڭ ئۆيى، بۇ مەسچىتتە ناماز ئوقۇلىدۇ**، زىكرى-تەسبىھ ئېيتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پاك بولۇشى كېرەك، **مەسچىتكە** سىيسەڭ بولمايدۇ'' دېدى.

بىز مۆمىن مۇسۇلمانلار مەرت، سېخى، كەمتەر بولۇشىمىز كېرەك. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ''سېخى ئادەم ئاللاھقا يېقىندۇر، جەننەتكە يېقىندۇر، كىشىلەرگە يېقىندۇر، دوزاختىن يىراقتۇر''؛ بېخىل ئادەم ھەققىدە توختىلىپ: '' بېخىل ئادەم ھەرگىز جەننەتكە كىرەلمەيدۇ'' دېگەن.

ئاللاھ تائالا سۈرە«ئىسرا»نىڭ 37-ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: ''**سەن زېمىندا مەغرۇرانە يۈرمىگىن، (ھاكاۋۇرلۇقتىن ئايىغىڭ بىلەن) يەرنى تېشىۋېتەلمەيسەن، (ھەر قانچە گىدەيگىنىڭ بىلەن) ئېگىزلىكتە تاغلارغا تەڭلىشەلمەيسەن**''. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ناھايىتى كەمتەر، ئۇلۇغ زات ئىدى، ھەرگىز تەكەببۇرلۇق، ھاكاۋۇرلۇق قىلمايتتى، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەيتتى، يوللاردا كىچىك بالىلار ئۇچرىسا ''ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم'' دەپ سالام بېرەتتى، دائىم كەمبەغەللەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ مۇڭدىشاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ''**قەلبىدە زەررىچىلىك كىبىرى بار ئادەم جەننەتكە كىرەلمەيدۇ**'' دېگەن.

يۇقىرىدا بىز ئېيتىپ ئۆتكەن يالغانچىلىق، قوپاللىق،

بېخىللىق، ھاكاۋۇرلۇق قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى قەبىھ بولۇپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ياماندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قېرىنداشلار بىز راستچىللىق، مۇلايىملىق، سېخىيلىق، كەمتەرلىك قاتارلىق ياخشى ئەخلاق-پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرەيلى. بىز بۇ گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆزىمىزدە جارى قىلدۇرالىساق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىنى ھەر بىر ئىشىمىزدا ئۈلگە قىلىپ تەكلىيەلىسەك، ھەممە كىشىلەر ئارىسىدا ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقلارنى ئومۇملاشتۇرالىساق، ئاندىن دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ ماڭالايمىز.

### 4. ھالال مېھنەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە كۈچلۈك بولۇشىمىز كېرەك

ئىسلام دىنى بىز مۆمىن مۇسۇلمانلارنى ھالال ئەمگەك بىلەن مېھنەت قىلىشقا، باشقىلارغا يۆلىنىۋالماي، مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ تائالا سۈرە«جۇمۇئە»نىڭ 10-ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: "**ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا(يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ(يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار**". پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەنىدى: "**بىر ئادەم ئۆز قولىغا تايىنىپ يېگەن تائامدىنمۇ ياخشى تائامنى يېيەلمەيدۇ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۆز قولىغا تايىنىپ تائام يەيتتى**". داۋۇد ئەلەيھىسسالام كۈندۈزى پادىشاھلىق قىلسا، ئاخشىمى تۆمۈرچىلىك قىلاتتى. زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ياغاچچى ئىدى، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن غايەت زور بىر كېمە ياسىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سودىگەرلىك قىلغان. دېمەك بىر ئەر كىشىگە 72 تۈرلۈك ھۈنەر ئازلىق قىلىدۇ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: ئەنسارىلاردىن بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ بىر نەرسە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىدىن: "**ئۆيۈڭدە يارىغۇدەك بىر نەرسە بارمۇ؟**" دەپ سورىدى، ئۇ: "ئۆيۈمدە توقۇلۇشى قوپال بولغان بىر ئەدىيال ۋە سۇ ئىچىدىغان بىر ساپلىق بار" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "**ئۇنداقتا ئۇ ئىككى نەرسىنى ئەكەلگىن**" دېدى. ئۇ ئادەم بۇ ئىككى نەرسىنى ئەكەلگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا قاراپ: "**كىم بۇ ئەدىيال بىلەن ساپلىقنى سېتىۋالىدۇ؟**" دېدى. بىر ئادەم: "مەن بۇ ئىككى نەرسىنى ئىككى دىرھەمگە سېتىۋالاي" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنسارى ئادەمگە: "**ماۋۇ بىر دىرھەمگە ئائىلەڭگە تائام سېتىۋال، يەنە بىر دىرھەمگە پالتا سېتىۋېلىپ ئەكەلگىن**" دېدى. ئۇ كىشى پالتا سېتىۋېلىپ كەلگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز قولى بىلەن بىر باغلام ئوتۇننى باغلاپ: "**ھەر كۈنى ئوتۇن سېتىپ ئوتۇنچىلىق قىلغىن، مەن بىلەن 15 كۈندىن كېيىن كۆرۈشكىن**" دېدى. بۇ كىشى 15 كۈندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: "مەن 15 كۈندە 10 دىرھەم پۇل تاپتىم. بىر دىرھەمگە كىيىم-كېچەك، يەنە بىر دىرھەمگە تائام سېتىۋالدىم، يەنە سەككىز دىرھەم پۇلۇم بار" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە: "**سېنىڭ مۇشۇنداق ئوتۇنچىلىق قىلغىنىڭ دىۋانىلىق قىلغىنىڭدىن ياخشى، دىۋانىلەر قىيامەت كۈنى قاپقارا ھالەتتە كېلىدۇ**" دېدى.

ئاللاھ تائالا بىز مۇسۇلمانلارنى تىجارەت قىلىشقا بۇيرۇپ، سۈرە«نىسا»نىڭ 29-ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: "**ئى مۆمىنلەر! بىر-بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق) ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا-سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا**". ئاللاھ تائالا بىز مۇسۇلمانلارنى ھالال تىجارەت، ھۈنەر-كەسىپ قىلىش ئارقىلىق پۇل تېپىشقا بۇيرۇيدۇ. بىزنى بۇ دۇنيادا كەمبەغەل، خار، زەبۇن، دىۋانە ھالەتتە ياشاڭلار دېگىنى يوق. بۇ ھەقتە سۈرە«ئەئراف»نىڭ 32-ئايىتىدە ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېيىلگەن: "**ئېيتقىنكى، 'ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟' ئېيتقىنكى، 'ئۇلار بۇ دۇنيادا مۆمىنلەر ئۈچۈن يارىتىلغان(گەرچە ئۇلارغا كۇففارلار شېرىك بولسىمۇ)، ئاخىرەتتە بولسا مۆمىنلەرگىلا خاستۇر'.(ئاللاھنىڭ بىر شېرىكى يوق ئىكەنلىكىنى) بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز**". پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**ھالال كەسىپنى تەلەپ قىلىش پەرزدىن كېيىنكى يەنە بىر پەرز. يەنى ناماز ئوقۇش پەرز، روزا تۇتۇش پەرز، زاكات بېرىش پەرز، شۇنداقلا تىجارەت قىلىش، ھالال ئەمگەك قىلىشمۇ ئوخشاشلا پەرز**". پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەنىدى: "**بۇ دۇنيالىقىڭ ئۈچۈن تىرىشقىن، مەڭگۈ ئۆلمەيدىغاندەك؛ ئاخىرەتلىكىڭ ئۈچۈن تىرىشقىن، ئەتىلا ئۆلىدىغاندەك**".

ئاللاھ تائالا ئادەملەرگە ئاتا قىلغان ئەقىل-پاراسەت

ئادەملەرنىڭ پاراۋانلىقى، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۈچۈندۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەينى يىللاردا مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، تۇنجى قىلغان ئىشى مەسچىت بىنا قىلىش، ئاندىن بازار سېلىش بولدى، مەسچىت بىنا قىلىش ئاخىرەت ئۈچۈن بولسا، بازار بىنا قىلىش بۇ دۇنيالىق ئۈچۈن بولغان.

بىز مۇسۇلمانلار تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، بىلىم سەۋىيىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ھالالدىن كۆپرەك پۇل تېپىپ، غەربىي رايونلارنى كەڭ-كۆلەمدە ئېچىشتىن ئىبارەت ياخشى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تىرىشىپ ئىلگىرىلەپ، ئىزدىنىپ يېڭىلىق يارىتىپ، دەۋر بىلەن ماس قەدەمدە ئىلگىرىلەپ، دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا تىرىشايلى.

(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھرىدىن، مەسچىت ئىمامى؛

تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى ئىسلامىيەت ئالىي كېڭىشىنىڭ 16-نۆۋەتلىك يىغىنىغا قاتناشتى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** مىسىر دىن- ۋەقفە فوندىنىڭ ۋەزىرى، ئىسلامىيەت ئالىي كېڭىشىنىڭ رەئىسى دوكتور مەھمۇد ھەمدى زەقزۇقنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد ئەلى يۈي جىنگۈي، مۇئاۋىن باش كاتىپى مۇستافا ياڭ جىبو 2004-يىل 4-ئاينىڭ 28-كۈنىدىن 5-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە مىسىرنىڭ قاھىرە شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىسلامىيەت ئالىي كېڭىشىنىڭ 16-نۆۋەتلىك يىغىنىغا قاتناشتى.

مىسىر زۇڭتۇڭى ھۇسنى مۇبارەكنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئېچىلغان بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئاساسىي تېمىسى ”ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى كەڭچىلىك روھى“دىن ئىبارەت بولۇپ، يىغىنغا 63 دۆلەت ۋە 6 خەلقئارالىق ئىسلام تەشكىلاتىدىن 120 دىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 26 نەپەر دىنىي ئىشلار ۋەزىرى ۋە ئەدلىيە ۋەزىرى، 18 نەپەر دۆلەت باش مۇپتىسى ھەمدە ئىسلام دۇنياسىدىكى داڭلىق مۇتەپەككۇر ۋە ئۆلىمالار بار. مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ زۇڭلىسى ئاتىف ئۇبەيد، ئەزھەر شەيخى مۇھەممەد سەييىد تەنتاۋى، مىسىر باش مۇپتىسى ئەلى جۇمە، مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىر ۋە مۇھىم ئەربابلىرى ھەمدە ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ قاھىرەدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانا خادىملىرى يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئىشتىراك قىلدى.

مۇراسىمدا ۋەزىر مەھمۇد ھەمدى زەقزۇق ۋە ئەزھەر شەيخى مۇھەممەد سەييىد تەنتاۋى سۆز قىلدى. زۇڭلى ئاتىف ئۇبەيد زۇڭتۇڭ ھۇسنى مۇبارەكنىڭ يازما نۇتقىنى ئوقۇپ ئۆتتى. ھۇسنى مۇبارەك يازما نۇتقىدا: ”ھازىرقى دۇنيادا كەڭچىلىك روھى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەك زۆرۈر، ئەسەبىيلىك ۋە بىكىنمىلىك بەزى مىللەتلەر ۋە خەلقلەر ئارىسىدا ئۆچمەنلىك، كەمسىتىش ئۇرۇقىنى تېرىدى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇنلىغان ئىختىلاپ ۋە ئۇرۇشلار كېلىپ چىقىپ، بىزنىڭ گۈزەل دۇنيايىمىزنى نابۇت قىلماقتا. بىزنىڭ ئەڭ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ ئۇنى توسۇش مەسئۇلىيىتىمىز بار. بۇ قېتىمقى يىغىن تاللىغان باش تېما ھەم زامان تەلپىگە ئۇيغۇن بولۇپ، بۇ خىل كەڭچىلىك روھى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە گەۋدىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ ئىسلامىيەت جەمئىيىتىدىن ھالقىپ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە تارقالغان. بۇ روھ «قۇرئان كەرىم» بېكىتكەن، ئىنسانلارنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، بىزنىڭ تەۋرەنمەس تەشەببۇسىمىز“، دېدى.

يىغىن ”نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتتىكى ئىسلام كەڭچىلىكى“، ”ئىسلام دىنى بىلەن باشقا دىنلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەت“، ”ھەقىقەت ۋە تۆھمەت ئاستىدىكى ئىسلام كەڭچىلىكى“ قاتارلىق ئۈچ مەركەز بويىچە 12 مەيدان ئىلمىي مۇھاكىمە ئۇيۇشتۇردى.

يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا يىغىن قارارى ماقۇللاندى ۋە ”قاھىرە خىتابنامىسى“ ئېلان قىلىندى. يىغىن ئەرەب-ئىسلام دۇنياسى ۋە باشقا دۆلەتلەردىكى بارلىق سىياسىي، مەدەنىيەت، ئىلىم-پەن ئورگانلىرىنىڭ ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ھەر خىل مەدەنىيەتلەر ئارىسىدا مۇلاقات ئورنىتىپ، ئۆزئارا ئالاقە ئاساسىنى مۇستەھكەملىشى، مەلۇم بىر خىل مەدەنىيەتنى باشقا مەدەنىيەتلەر ئۈستىگە تېڭىشقا ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىدىن گۇمانلىنىدىغان ياكى ئۇنى بۇرمىلايدىغان بارلىق ئۇسۇللارغا قارشى تۇرۇشى كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلدى. قاراردا: غەيرىي ئىسلام ئەللىرىدىكى ئاخبارات ئورگانلىرى ”جىھاد“نى توغرا چۈشىنىشى، ئۇنىڭ مەنىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىكى كېرەك. ئىسلام دىنى تىنچلىق دىنى، قاتىللىق، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش، ئەسەبىيلىك ئىسلام دىنى روھىغا پۈتۈنلەي خىلاپ، دەپ مۇراجىئەت قىلىندى.

يىغىن مەزگىلىدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى مىسىردىكى «ئەلئەھرام» گېزىتى، «ئوتتۇرا شەرق» گېزىتى قاتارلىق ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، جۇڭگو ئىسلام دىنى ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ۋە چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار شەھىرىگە بېرىپ، جۇڭگولۇق مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلارنى يوقلىدى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى.




قۇربانجان رەھمان

قۇمۇل جۇمە مەسچىتى قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەر ئىچى يېزىسى ئازنا بازار مەھەللىسىگە جايلاشقان بولۇپ، قۇمۇلدىكى 309 مەسچىتنىڭ بىرى. بۇ مەسچىت قۇمۇلدىكى ئەڭ قەدىمكى مەسچىتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. قۇمۇلنىڭ تارىخىي خاتىرىلىرىدە، بۇ مەسچىت ھىجرىيىنىڭ 895-يىلى(مىلادى 1490-يىلى) بىنا قىلىنغان دەپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ھازىرغا قەدەر 514 يىللىق تارىخقا ئىگە. بۇ جۇمە مەسچىتنىڭ بىنا قىلىنىشى قۇمۇل تارىخىي ماتېرىياللىرىدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:"مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىلى ھۆكۈمرانلىقى تەرىپىدىن قۇمۇلنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئەنق تۆمۈرنىڭ جىيەنى توختىنى باش قىلىپ، ئۇنىڭ مۇئاۋىنلىقىغا مۇسۇلمان ئۇيغۇرلاردىن خوجامۇھەممەد ئىلى بىلەن خەنزۇلاردىن جوئەن دېگەننى دورغاپ(مەمۇرىي يارىدەمچى) قىلىپ، خوجا مۇھەممەد ئىلىغا يەنە بىر تۈركۈم مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنى بۇيرۇقى، مىڭ بېشى، يۈز بېشى دېگەن ئۇنۋانلار بىلەن قوشۇپ ئەۋەتكەن. خوجا مۇھەممەد باشچىلىقىدىكى بىر بۆلۈم مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار قۇمۇلغا كەلگەندىن كېيىن ھاكىمىيەتكە ئېرىشىپ، قۇمۇلدا ئىسلامىيەتنى كېڭەيتىش ۋە تەدرىجىي ھالدا ئومۇملاشتۇرۇشقا كىرىشىدۇ. بىر قاتار كۈرەشلەردىن كېيىن ئومۇملىشىۋاتقان ئىسلامىيەت ئەھلىنىڭ ئېتىقاد قىلىشى ئۈچۈن مەسچىتكە ئېھتىياجى تۇغۇلدۇ. شۇ مۇناسىۋەتلەر بىلەن ئۇ يەر بۇ يەرلەردە پىنھان ۋە ئاشكارا مەسچىتلەر مەيدانغا كېلىشكە باشلايدۇ. جۇمە مەسچىتنىڭ دەسلەپكى ئۇلى شۇ چاغدا سېلىنىپ دەسلەپتە بىنا قىلىنغان". خوجا مۇھەممەد ئىلى باشچىلىقىدا دۇنياغا كەلگەن بۇ چوڭ جامە شەرىپىگە ئەينى ۋاقىتتا قاغۇم ئېرىقىدىن ئالتە دادەنلىك(60مو) زېمىن ئاجرىتىلىپ، 40 موسى ئىمامەتچىلىككە، 20 موسى مەزىنچىلىككە ۋەخپە قىلىنىپ بېرىلىدۇ. بۇ مەسچىت قۇرۇلۇپ 285 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ 5-ئەۋلادى ئىساق ۋاڭ زامانىسىدا مەسچىت كونىراپ، ئولتۇرۇشقا يۈزلەنگەن. ھىجرىيىنىڭ 1170-يىلى، يەنى مىلادى 1775-يىلى ماھىرۇي ئاپپاق ئىسىملىك بىر مەزلۇم كىشى بارلىق خىراجەت چىقىملىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، مەسچىتنى قايتىدىن بىنا قىلدۇرغان. 1697-يىلى قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ باشلامچىسى مۇھەممەد شاغازى بەگ ئوغلى ئەبەيدۇللادىن باشلاپ، قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ قۇمۇلدىكى ھۆكۈمرانلىقى تۇرغۇزۇلۇپ، تا 1930-يىلغىچە 9 ئەۋلاد 233 يىل ھۆكۈم سۈرگەن. قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى سىياسەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن ھاكىمىيەت تۈزۈمى بولۇپ، ۋاڭلىق دەۋرىدىن باشلاپ ئىسلام دىنى يۇقىرى ئىمتىيازغا ئىگە بولغان. بۇ دەۋردە قۇمۇل ۋاڭلىرى قۇمۇلنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپلا قالماي، ئىلىم-مائارىپ ۋە دىنىي ئىشلارغىمۇ ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن ۋە نۇرغۇن مەسچىت-مەدرىسەلەرنى بىنا قىلدۇرغان، شۇنداقلا قۇمۇلغا

ئىسلام دىنى تارقىتىپ كەلگەن ئىسلام دىنى تارقاتقۇچىلارنىڭ قەبرىلىرىنى تاپقۇزۇپ، ئۇلارغا ئاتاپ نۇرغۇن مازارلارنى ياساتقان. 9-ئەۋلاد شامەخسۇت ۋاڭ دەۋرىدە، كېلەر ئىسمائىل غوجامنىياز، مۇھەممەد نىياز دېھقان دېگەن كىشىلەر قۇمۇل ۋاڭلىرى تەرىپىدىن جۇمە مەسچىتىنىڭ جارۇپكەشلىكىگە قويۇلغان ھەمدە شەھەر ئىچى قارغۇ مەرقەتە 12 مو جارۇپكەش يېرى بولغان.

جۇمە مەسچىتىنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى ئۆزگىچە، توپا، ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭ دەرۋازىسى شەرققە ئېچىلغان. دەرۋازىنىڭ ئۈستىدىن ئېگىز قەدىمكى قەلئە شەكىللىك سوقما تام مۇنار بار، مۇنارنىڭ 4 بۇلۇڭى ئۈچلۇق چوقچىيىپ چىققان، ئۈستى ئەزان توۋلايدىغان مۇناردۇر. بۇ مۇنارنىڭ ئاستى كەڭلىكى 4 مېتىر، ئومۇمىي ئېگىزلىكى 12 مېتىر كېلىدۇ. مەسچىتنىڭ ناماز ئوقۇيدىغان ئوتتۇرا قىسمىنىڭ ئوڭ-سول(شىمال، جەنۇب) تەرىپىدە ئالتە ئېغىزدىن ھۇجرا چاتلاش سېلىنغان. ھۇجرىلارنىڭ ئۆگزىسى گۇمبەز قىلىپ يېپىلغان. مەسچىتنىڭ ئالدى تەرىپىدە 4 گۇمبىزى بولۇپ، جەمئىي 16 گۇمبەزلىك مەسچىت بولغان. گۇمبەزلەرنىڭ جەنۇب قىسمىغا ئىككىدىن كىچىك ياغاچ پەنجىرە قويۇلغان. يەنە تورۇسنىڭ ئوتتۇرىسىغا چاسا شەكىللىك ياغاچتىن پەنجىرىلىك تۈڭلۈك چىقىرىلغان بولۇپ، مەسچىتنىڭ ئىچىنى تەبىئىي يورۇتۇپ تۇرىدۇ. مەسچىتنىڭ ئوتتۇرا، چوڭ قىسمى بىلەن ئىككى تەرىپىدىكى كىچىك ھۇجرىلارغا ئۆزئارا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ئەگمە ئۆتۈشمە ئىشىكلەر بار. مەسچىتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى قاتار بەشتىن ئون ياغاچ تۈۋرۈك بار بولۇپ، تۈۋرۈكلەرنىڭ باش قىسمىغا سېۋەت شەكىللىك نەقىش ئويۇلغان. مەسچىتنىڭ تورۇسلىرىدا 4 بۇلۇڭلۇق شەكىل ئىچىگە يۇملاق سىزىلىپ، ئىچىگە ھەر خىل گۈللەر سىزىلغان، رەڭلىرى ناھايىتى چىرايلىق. مېھراب ئالدى ياغاچ بىلەن كىچىك چاسا شەكىللىك، ئۈستى گۇمبەزلىك ئايرىمخانا قىلىپ بوغۇلغان. قۇمۇل ۋاڭلىرى دەۋرىدە بۇ ئايرىمخانىدا قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ 9-ئەۋلادى شامەخسۇت ۋاڭ، تەيجىلەر(ۋەزىرلەر)، ئاخۇنۇملاردىن ئەلەم ئاخۇنۇم (يەنى مەرتىۋىلىك كىشىلەرلا) ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇيتتى. مەسچىتنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 38 مېتىر، كەڭلىكى 24 مېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 912 كۋادرات مېتىر بولۇپ، بۇ يەردە بىرلا ۋاقىتتا مىڭ كىشى ناماز ئوقۇيالايتتى، تاملىرىنىڭ قېلىنلىقى 1.5 مېتىر كېلەتتى. ئىچكى تاملىرىغا قۇرئان ئايەتلىرى يېزىلغان، چۆرىسىگە گۈللەر سىزىلغان. مەسچىتنىڭ نەقىش-بوياقلىرى قۇمۇل ۋاڭلىرى دەۋرىدىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ نەقىشلىرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. مەسچىتنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى ئۆزگىچە بولۇپ، قۇمۇلدىكى باشقا مەسچىت قۇرۇلۇشلىرىغا ئوخشىمايدىغان بىردىنبىر ئىسلامىيەت قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئەڭ تىپىك ۋەكىلىدۇر. بۇ مەسچىتكە ئەينى زاماندىكى قۇمۇلنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى ۋە قەدىمكى قۇرۇلۇش بىناكارلىق سەنئىتى مۇجەسسەملەنگەن.


نۇرغۇن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەسچىت ئالدىدىكى سوقما مۇنار يېرىلىپ كەتكەچكە، 1986-يىلى بۇ مەسچىت بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئەسلىدىكى ئورنىغا ئەسلى قىياپىتى ساقلاپ قېلىنغان ئاساستا قايتىدىن بىنا قىلىنىپ، 1987-يىلى تامام قىلىندى. بۇ قېتىمقى قايتا قۇرۇلۇشنى ئاپتونوم رايونلۇق دىنىي ئىشلار ئىدارىسى 40 مىڭ يۈەن، ۋىلايەتلىك دىنىي ئىشلار باشقارمىسى 40 مىڭ يۈەن، مۇسۇلمانلار 50 نەچچە مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ پۈتتۈرگەن. ھازىر بۇ مەسچىتنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 33.5 مېتىر، كەڭلىكى 22.5 مېتىر، كۆلىمى 754 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بىرلا ۋاقىتتا 800دىن ئارتۇق ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ. مەسچىت تاملىرى خىشتىن قوپۇرۇلغان. جەنۇب تېمى بىلەن شىمال تېمىدا 9دىن جەمئىي 18 دېرىزە قويۇلغان. مەسچىت ئالدى ئىشىكىنىڭ ئىككى يېنىدا بىردىن ئىككى دېرىزە قويۇلغان. مەسچىتنىڭ ئىچىدىكى تۈۋرۈكلەر بېتوندىن قاتۇرۇلغان. ئىچىدە ئەسلىدىكىگە ئوخشاش ئىككى قاتار بەشتىن 10 تۈۋرۈك بولۇپ، پەقەت بىرلا تۈۋرۈك ئەسلىدىكىگە ئوخشاش ياغاچ سېۋەت باشلىق نەقىش ئويۇلۇپ قويۇلغان. مەسچىتنىڭ ئىككى يان تەرىپىگە ئۈچتىن ئالتە ھۇجرا چىقىرىلغان. بۇ ھۇجرىلاردىن مەسچىتنىڭ ئوتتۇرا، چوڭ قىسمىغا ئۆزئارا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان 10 ئەگمە ئىشىك بار. مەسچىتنىڭ ئالدى ۋە ئىككى يان تەرىپىدىكى ھۇجرىلارنىڭ ئۆگزىسى ياغاچتىن يېپىلغان بولۇپ، ئەسلىدىكىگە ئوخشاش نەقىشلەنگەن. ئۆگزىنىڭ سىرتقى قىسمى(تۆپىسى)گە گۇمبەز چىقىرىلغان، مەسچىت ئالدى قىسمىنىڭ ئۆگزىسى خۇيلانغان بولۇپ، چاسا شەكىللىك قىلىپ گۈللەر سىزىلغان، ئوتتۇرىسىغا تۈڭلۈك چىقىرىلغان، تۈڭلۈكنىڭ تۆت ئەتراپىدا دېرىزە قويۇلغان بولۇپ، مەسچىت ئىچىنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ. مەسچىتنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ھەيۋەتلىك، كۆركەم، ئۇنىڭ ئوتتۇرا چوڭ قىسمى ئېگىز بولۇپ، تۆت بۇلۇڭىدا تۆت پەشتىقى بار. ئىككى يان تەرەپتىكى ھۇجرىلارنىڭ ئۆگزىسى

(ئاخىرى 48-بەتتە)

### ئانىلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللار نۇقتىسىنەزىرى ۋە ئىسلام دۇنياسىدىكى "يۇلتۇز" ئانىلار مەدھىيىلەنگەن نادىر ئەسەر —

# «شەرق يۇلتۇزلىرىنى ئىزلەپ»

هاجى مەھمۇدى



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات كەسپىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىسلام تەتقىقاتى كەسپىنى پۈتتۈرۈپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن ئىسلامىيەت تەتقىقاتچىسى نەزىرە مۇھەممەد سالىھ خانىمنىڭ «شەرق يۇلتۇزلىرىنى ئىزلەپ»(«ئىسلام تارىخىدىكى مەشھۇر ئاياللارنىڭ هاياتى»)ناملىق ئەسىرى يېقىندا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، كەڭ جامائەتچىلىك ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى. بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتوردىن بېرىلگەن سۆز قىسمىدا "ئانىلارنىڭ بۆشۈك تەۋرەتكەن پاك قوللىرىدا مىللەت تەۋرەيدۇ. ئاياللارنىڭ قەلبى كىرلەشسە، بىر مىللەتنى كىر باسىدۇ" دېگەن ھېكمەت بېرىلىپ، بۇ ئەسەرنىڭ هازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى كۆزدە تۇتۇلغان هالدا "توپا ئاستىدا ياتقان ئۇلۇغ ئانىلىرىمىزنىڭ هاياتى ئارقىلىق تىرىك ئانىلارنى ئويغىتايلى" دېگەن مەقسەتتە يېزىلغانلىقى ئېيتىلغان. بۇ ئەسەردە "ئاياللار ئۈچۈن ئۈرنەك بولغىدەك، ئىسلام تارىخىدىكى يۇلتۇزلار" سۈپىتىدە ئىسلام تارىخىدا ئۆتكەن 248 نەپەر "يۇلتۇز" ئايالنىڭ ئىش ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغان. بولۇپمۇ، ئەسەرنىڭ باش قىسمىدا «ئايالنىڭ ۋاقتى» دېگەن چوڭ تېمىدا، "تارىخنىڭ ئاۋازى"، "ئىسلام نۇرى چاقناتقان ئايال"، "ئايالنىڭ ۋاقتى" دېگەن كىچىك تېمىلار يورۇتۇپ بېرىلگەن چوڭ بىر پارچە ئىلمىي ماقالە بېرىلىپ، ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە ۋەزىپىسى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. "تارىخنىڭ ئاۋازى" دېگەن تېمىدا، "ئەرنىڭ مېھرىبان ئانىسى، بەرنا دىلبىرى، سۆيۈملۈك قىزى، كۆيۈمچان ئاچىسى ۋە سىڭلىسى بولغان ئايالنى ئىنسان سۈپىتىدە كۆرۈش ۋە قەدىرلەش زۆرۈرىيىتى" تەكىتلىنىپ، "ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلغۇچى ئايال مىللەتنىڭ كېلەچىكى بولغان ئەۋلادلارنى تەربىيىلىگۈچى، ۋەتەننى ياۋدىن قوغدىغۇچى ئوت يۈرەك ئوغلانلارنى، ئۆز مىللىتىنى دۇنيا سەھنىسىدىكى يوقالماس مىللەتلەر قاتارىغا تىزغۇچى تالانتلىق ئىلىم سەركىلىرىنى يېتىشتۈرگۈچى" ئىكەنلىكى بايان قىلىنىش بىلەن، "مېھرى چەكسىز، پۈتۈن دۇنيانى كۆكرىكى بىلەن باققان ئانىنى ئۇلۇغلايلى" دېگەن شوئار قايتىدىن جاراڭلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شۇنداقلا، تارىختا، جۈملىدىن "مەدەنىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن باشلاپ، ئاياللارغا بولغان كەمسىتىش ئىزچىل تۈردە دۇنياۋى ئاساسىي ئېقىمدىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ بىر ئورتاق خۇسۇسىيىتى بولۇپ كەلگەنلىكى"، "مەيلى غەربتە ياكى شەرقتە بولسۇن، ئاياللارنى كەمسىتىشنىڭ ناهايىتى ئۇزاق تارىخى مەنبەسى بار"لىقى تەكىتلىنىش بىلەن، قەدىمكى يۇناندىن تارتىپ، ياۋروپا ئەللىرى، هىندىستان قاتارلىق جايلاردا "ئەرلەر ئەزىز، ئاياللار خار" دېگەن تەڭسىزلىك پرىنسىپىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكى ئەمەلىي مىساللار ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى قانۇن-نىزاملار ئارقىلىق بايان قىلىنىپ، "ئىززەتلىنىشكە، هۆرمەتلىنىشكە. قوغداشقا ۋە تېگىشلىك هوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشقا مۇهتاج

ئاياللارنىڭ ئىلتىجالىق سادالىرى“ ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىنغان ۋە بۇ مەسىلىگە ”ئىسلام نۇرى چاقناتقان ئايال“ دېگەن تېمىدا جاۋاب بەرگەن. بۇ تېمىدا، ئىسلامدىن ئاۋۋالقى ئەرەب جەمئىيىتىدىمۇ، ئاياللارنىڭ ”ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي ھوقۇقلاردىن مەھرۇم ھالدا خار ياشايدىغانلىقى“ ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق كۆرسىتىلگەندىن كېيىن، ”ئادالەت ۋە باراۋەرلىك پرىنسىپى ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىسلام دىنى ئاياللارنى خورلۇق ۋە زۇلۇمنىڭ كىشەنلىرىدىن ئازاد قىلىپ، ھېچقانداق دىن ۋە قانۇن ئاياللارغا بەرمىگەن ئىززەت-ھۆرمەت، ھوقۇق ۋە ئەركىنلىك ئاتا قىلغانلىقى“ بايان قىلىنغان. بۇ تېمىدا بولۇپمۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللار نۇقتىئىنەزىرى، جۈملىدىن ئىسلام دىنىدا ئەر-ئايالنىڭ ئىنسانىي قىممەتتە تەڭ، باراۋەر ئىكەنلىكى؛ ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىدىكى ئەڭ تۈپ ھوقۇقى بولغان ياشاش ھوقۇقىنى قوغدىغانلىقى؛ ئىسلامدا ئاياللارنىڭمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش مۇستەقىل سالاھىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى؛ ئىسلام دىنىنىڭ ئەر-ئاياللارنىڭ قانۇندا باب-باراۋەر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاياللارغا قوغداش ۋە قوغدىلىش ھوقۇقى، ھۆرمەتلىنىش ھوقۇقى ئاتا قىلغانلىقى؛ ئىسلامدا ئاياللارنىڭمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش تەلىم-تەربىيە ئېلىش، ئىلىم ئۆگىنىش ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى؛ ئىسلام دىنىنىڭ ئالدى بىلەن جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ۋاقىتلىق نىكاھ، مەھرىسىز قايچا قۇدا بولۇشماق، توپلىشىپ نىكاھلىنىشتەك ئاياللارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىدىغان نىكاھ شەكىللىرىنى بىكار قىلىپ، ئەر-ئايال ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتە باراۋەر بولغان، مېھىر-مۇھەببەت ئاساسىغا قۇرۇلغان ساغلام نىكاھ تۈزۈمىنى يولغا قويغانلىقى؛ ئاياللارغا مىراسخورلۇق ھوقۇقى ئاتا قىلغانلىقى...قاتارلىقلار مۇپەسسەل بايان قىلىنغان. ”ئايالنىڭ ۋاقتى“ دېگەن تېمىدا، پەيلاسوپ، يازغۇچى، ئالىملارنىڭ ”ئەگەر ئاياللار تۈزەلسە، جەمئىيەت تۈزۈلىدۇ، ئىنسانىيەت گۈللىنىدۇ“، ”مىللەتنىڭ كېلەچىكى ئانىلارنىڭ قولىدا“، ”ئاياللارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى رولى ئەمەلىيەتتە ئەرلەرنىڭكىدىن زور“، ”ئانا بىر ئۇلۇغ مەكتەپ، ئەتراپلىق تەربىيىلەنگەن، يېتىلگەن ئانىنى بارلىققا كەلتۈرگىنىڭ ھاياتى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان بىر مىللەتنى بارلىققا كەلتۈرگىنىڭ. ئانا گويا بىر باغچا، ئەگەر ئۇنى ئوبدان پەرۋىش قىلىپ سۇغارساڭ، ئۇنىڭ ياپراقلىرىنىڭ سايىسى نە-نەلەرگە يېتىدۇ. ئانا ئۇستازلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئۇستازى، ئۇنىڭ ئىزلىرىنى سەن ھەتتا ئوپئوقتىنمۇ كۆرەلەيسەن“ ......دېگەندەك ھېكمەتلىك تەلىم سۆزلىرىنى نەقىل قىلىش ئارقىلىق، جەمئىيىتىمىزدە، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئاياللىرىدا ساقلىنىۋاتقان مەسئۇلىيەتسىزلىكلەردىن قاتتىق ئېچىنغان ۋە تاتار مۇتەپەككۇرلىرىدىن زىرائىدىن ئىبنى فەخرىددىن كۆز ئالدىدىكى رېئاللىقتىن ھەسرەتكە چۆمۈپ يازغان مۇنۇ قۇرلارنى نەقىل ئالغان: ”نېمىشقا بىز ياشاۋاتقان ئۇشبۇ كۈنلەردە فارابى، ئىبنى سىنا، مۇھەممەد ئىسمائىل بۇخارى، ئىبنى خەلدۇن، ئەبۇ ھەنىفە، ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەك، سىبەۋەي، ئىبنى رۇشد كەبى بۈيۈك زاتلار چىقمايدۇ؟ بۇنىڭغا ئۇ زامان شۇنداق زاتلارنى يېتىشتۈرۈشكە مۇسائىد(ياردەمچى) ئىدى، بىزنىڭ زامانىمىز بۇنداق ئەمەس، دېيىش توغرا جاۋاب بولالمايدۇ. زامان ئۆزگەرگىنى يوق، ئادەملەر بولسا بارغانسېرى مەدەنىيەت، تەرەققىياتنىڭ پايدىسىنى تونۇپ شۇنىڭغا يۈزلەنمەكتە. ئىسلام دۇنياسىدا ئۇ زامانلاردا بۈيۈك زاتلار يېتىشىپ چىقىشىنىڭ سەۋەبى بالىلىرىنى بۈيۈك ئادەم سۈرىتىدە تەربىيىلەيدىغان مەرىپەتلىك ئانىلار بولغانلىقىدا. ئەمما زامانىمىزدا ئۇنداق ئانىلار تۈگەپ كەتتى. ئەگەر بۇ دەۋردە ھەم شۇنداق ئانىلار بولسىدى، چوڭقۇر پىكىرلىك، ئالىي ھىممەتلىك، گۈزەل خۇلقلۇق ئالىملار، ئىنسانلىق ئالىمى ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچى مۇجەددىد ۋە مۇختەرىئلەر بارلىققا كەلگەن بولاتتى. ئېھتىمالكى، ئاش، سۇ، ئۈنچە-مارجان، قوناق، قالپاق سۆزىدىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئاياللار ئىسلامى ئائىلە، تەرتىپ ئىدارە، ئەۋلاد تەربىيىسى، ئىدارەئى مەنزىل كەبى مۇقەددەس ۋەزىپىلەرنى ھەم بىلمەس. قىزلارنى ئوقۇتۇڭلار، مىللەت ئانىلىرى يېتىشسۇن! “.

ئاپتور يەنە ”ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ۋاقىت، زېھىن ئىسراپچىلىقنىڭ ئەڭ تىپىك نامايەندىلىرى“دىن مىسال ئېلىپ، ئاياللىرىمىزنى، ”ئېتىقاد ۋە غايە، بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت“ ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەيدۇ ھەمدە ”ئايالنىڭ ۋاقتى تۈگىسە مىللەتنىڭ ۋاقتى تۈگەيدۇ. ئاياللاردىكى ئالامەتتىن كىشىلەر زامان ئاخىرىنىڭ بەلگىلىرىنى كۆرىدۇ“ دەپ قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى، ئىسلام تارىخىدىكى 248 نەپەر مەشھۇر ئايالنىڭ ئىش ئىزلىرىنى تونۇشتۇرۇشتىكى مەقسىتىنى تۆۋەندىكىدەك ئىزھار قىلىدۇ:

”ئاياللارنىڭ تەقۋالىقى ۋە ئەخلاقى بىر مىللەتنى يېڭىدىن يارىتالايدۇ. ئاياللارنىڭ بۇزۇلۇشى بولسا مىللەتنى ھالاكەتلىك يوقىلىش گىردابىغا سۆرەپ ئاپىرالايدۇ.

مەرىپەتلىك ئانىلاردىن بۈيۈك زاتلار تۇغۇلىدۇ. شۇڭا ژان پول ’بىزگە ياخشى ئانىلارنى بېرىڭلار، بىز ياخشى ئادەملەر بولۇپ يېتىشىمىز‘، دەپ مۇراجىئەت قىلغان. ئۆتمۈش ھەر قانچە ئۇلۇغ، سەلتەنەتلىك بولسىمۇ، ئۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئەجدادلار ئىزىدىن پۈتۈلگەن كەچمىشلەر قويىندىن بىزگە كېرىكى تەسەللىلا ئەمەس، بەلكى روھىمىزنى، رېئاللىقنى يېڭىلاشقا كېرەكلىك ئىچكى ئېنېرگىيە. مەن ئىنسانىيەت مۇساپىسىدا نۇرلۇق سەھىپىلەرنى ئاچقان ئىسلام تارىخىدىكى ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن كۆرسەتكەن سەمەرىلىك خىزمەتلىرى بىلەن تىللاردا ۋە دىللاردا نامى يادلىنىۋاتقان مەشھۇر ئاياللارنىڭ ھايات خاتىرىلىرىنى يېزىپ، ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇم. تىلىكىم شۇكى، يازغانلىرىم قاتتىق رىقابەت، رەھىمسىز شاللاش بىلەن خاراكتېرلەنگەن يېڭى ئەسىر بوسۇغىسىدىكى خەلقىمگە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بېغىشلىسا، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ھەر بىر ئائىلىدا تارىخىي بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئويغىتىپ يېڭىچە قان ۋە يېڭىچە روھ ئاتا قىلسا، ئەجەب ئەمەس“.

ئاپتور يەنە بۇ ئەسىرىنىڭ «ھىدايەت يۇلتۇزلىرى» دېگەن بۆلۈمىدە، ”ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۇزاق سەتھىلىرىدە شۇنچە كۆپ شائىرلىرىمىز تەرىپىدىن ئۈزۈلمەي تەكرار-تەكرار تەسۋىرلەنگەن ’ئىشق، يار، ساقى، مەي، جام، مەيخانا‘ ئىبارىلىرىنىڭ......سوپىزمنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان مۇتەپەككۇر شائىرلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ ئىلاھىي ئىشقى بىلەن مەست بولۇپ، ئۆزلۈكىنى يوقىتىپ، ھەق ۋۇجۇدىغا قوشۇلۇپ كېتىشتەك سوپىستىك ئىدىيىسىنى ئىزھار قىلىشتا تەسەۋۋۇپ تىلىدىن تاللىۋالغان سىمۋوللۇق ئوبرازلار ئىكەنلىكى“ نۇقتىلىق چۈشەندۈرۈلگەن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى يار ئوبرازى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسى؛ «قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل بولۇش سەۋەبلىرى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل بولۇش باسقۇچلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى ھېكمەت، ئەڭ ئاۋۋال ۋە ئەڭ ئاخىرى نازىل قىلىنغان ئايەتلەر، مەككىيە ۋە مەدىنىيە سۈرىلىرى دېگەن كىچىك تېمىلار بويىچە بايان قىلىنغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل بولۇشى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسى؛ ”ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە رەھمەت قىلىپ، ئۇلارنى تاقەتتى يەتمەيدىغان قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلماسلىقتەك ئاسانلاشتۇرۇش ۋە كەڭچىلىك قىلىش روھى“ بايان قىلىنغان «ئۇ سىلەرگە ئاسان قىلدى» دېگەن ماقالىسى؛ ئىسلام تارىخىدا ئۇزاق زامان بەس-مۇنازىرە قىلىنغان، ھەتتا ھازىرمۇ بىرمۇنچە مۇسۇلمانلار ئېڭىدا تېخى ئوچۇق، ئەسلى مەنىسىدە ھەل بولۇپ كەتمىگەن ”تەقدىر مەسىلىسى“ بىر قەدەر مۇپەسسەل بايان قىلىنغان «تەقدىر مەسىلىسى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسى؛ ئىماننىڭ مەزمۇنى ۋە ئىمان بىلەن ئەمەلنىڭ مۇناسىۋىتى تەھلىل قىلىنغان «ئىمان ۋە ئەمەل» دېگەن ماقالىسى... قاتارلىقلار بېرىلىپ، بۇ ئەسەر تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك ۋە مۇكەممەللىك تۈسىگە ئىگە قىلىنغان. نەزىرە خانىمنىڭ ئىسلامشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئىلمىي ئىجتىھادىغا تەشەككۈر ئېيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇنىڭدىن كېيىن بۇ جەھەتتە تېخىمۇ نادىر ئەسەرلەرنى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشكە تىلەكداشمىز.

## كىتاب خەۋىرى

قاھىرەدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ كەلگەن تىلشۇناس، ژۇرنالىست مۇتەللىپ سىدىق قاھىرى ئەرەب-تىل يېزىقىنى تېزراق ئۆگىنىۋېلىش ئارزۇسىدا بولۇۋاتقان ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈپ چىققان «ئەرەبچىنى مۇئەللىمسىز ئۆگىنىش» دېگەن ئەرەبچىنى تېز ئۆگىنىش ئوقۇشلۇقى 2003-يىل 11-ئايدا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئالاھىدە ئۇسلۇبتا تۈزۈلۈپ جەمئىي 12دەرسكە بۆلۈنگەن بۇ يېڭىچە ئوقۇشلۇقتا، ھەرپ تونۇش، تەلەپپۇز بەلگىلىرى(تاۋۇش بەلگىلىرى)دىن باشلاپ، قىسقىچە ئاساسىي قائىدىلەر، ماس ھالدىكى مەشىق جۈملىلىرى باشتىن-ئاخىر رەڭلىك رەسىم بېرىلگەن، بولۇپمۇ سۆز-جۈملىلەرنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسى بىلەن ئۇيغۇرچە تەلەپپۇز قىلىنىشى تەڭ بېرىلگەن بولۇپ، ئەرەبچىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ قۇلايلىق يارىتىپ بېرىلگەن. ئوقۇشلۇقنىڭ ئالدىنقى قىسمىدىكى مەزمۇنلارنى سىستېمىلىق پىششىقلاش ئۈچۈن، ئوقۇشلۇقنىڭ ئاخىرىدا(12-دەرستە) رەسىملىك ئۈچ چۆچەك بېرىلگەن. ئاپتور بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ «ئەرەب تىلىدىن ئاساس»(3قىسىم)، «ئەرەبچە سۆزلىشىش»، «ئەرەب تىلى ئېلىپبەسى»، «ئەرەب تىلى قائىدىلىرى» قاتارلىق ئەرەب تىلى ئۆگىنىشكە دائىر ئوقۇشلۇقلارنى نەشر قىلدۇرغانىدى. (مەھمۇدى)

## خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ قېڭشۇ قەدىمىي مەسچىتىنىڭ 600 يىللىقى تەبرىكلەندى

**ئابلەت جېيەن پېڭفېي خەۋىرى**: 2003-يىل 11-ئاينىڭ 26-كۈنى شىنجاڭ، بېيجىڭ، شاڭخەي، خۇبېي، گۇاڭدۇڭ، لياۋنىڭ، گەنسۇ، خېنەن ۋە خوتەن چاڭشا قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن مۇسۇلمان قېرىنداشلار ۋە ھەر ساھەدىكى ئوقۇمۇشلۇق زاتلار خوتەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككىنچى يۇرتى دەپ نام ئالغان خوتەن ئۆلكىسى تاۋيۈەن ناھىيىسى قېڭشۇ ئۇيغۇر -خۇيزۇ يېزىسىغا جەم بولۇپ، بۇ يېزىدىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ، خەنزۇ قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە قېڭشۇ قەدىمىي مەسچىتى سېلىنغانلىقىنىڭ 600 يىللىقى ۋە روزا ھېيت بايرىمىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلىدى. بۇ تەبرىكلەش پائالىيىتىنى يېزىلىق ھۆكۈمەت ئۇيۇشتۇرغانىدى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئىشچى-دېھقان دېموكراتىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى جېيەن تيەنسۇڭ(خوتەنلىك ئۇيغۇر، مەملىكىتىمىزنىڭ داڭلىق ئۇيغۇر ئالىمى جېيەن بوزەن ئەپەندىنىڭ ئوغلى)، بېيجىڭ خۇاپۇ گۇرۇھىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باش لىدىرى جېيەن يىڭجېيەن(ئۇيغۇر) ۋە تاۋيۈەن ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش قاتارلىق رەھبەرلىك ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشتى ۋە قىزغىن سۆز قىلدى. بۇ قەدىمىي مەسچىتنىڭ تارىخى ئۇزاق ۋە مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ، خوتەن ئۆلكىسىدىكى مەشھۇر دىنىي سورۇنلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا مىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇنجى خانى جۇ يۈەنجاڭ مىللىي قەھرىمان خەلىل باش(ئۇيغۇر سانغۇن(گېنېرال)نىڭ تۆھپىسىگە ئىنئام قىلىپ بەرپا قىلغان تۆت چوڭ قەدىمىي قۇرۇلۇشنىڭ بىرى. ئورغۇن تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى(مىلادى 1368-يىلى) ئەسلىدىكى يەنجىڭ(ھازىرقى بېيجىڭ) باش ھەربىلىكى قارىمىقىدىكى ئىدىقۇت ھەربىي ئەمرىنىڭ ئەۋلادى بولغان قالى باش خان ئەمرى بويىچە بىر تۈركۈم ئىسلام قوشۇنىغا ئەمىر بولۇپ، خوتەن، گۇاڭدۇڭ، يۈننەن، گۈيجۇ رايونىدا مۇھاپىزەت ۋەزىپىسىدە تۇرغان چېغىدا بۇ جايدا دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارغانىكەن. 1371-يىلى قالى باش دۈشمەن كۈچلىرىنى قىرقىپ بىت-چىت قىلىشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، مىڭ سۇلالىسى تۇنجى خانى جۇ يۈەنجاڭ ئۇنىڭغا ''جەنۇبنى ساقلاپ دۆلەتنى تىنچلاندۇرغۇچى ئۇلۇغ سانغۇن'' دەپ ئۇنۋان بەرگەن ۋە ئۇنىڭغا ''جېيەن'' (قىرقىغۇچى) دېگەن فامىلىنى ئاتا قىلغان، ھەمدە ئۆز قولى بىلەن ''جەنۇب ھەيۋىسى'' دېگەن خەت يېزىلغان ئالتۇن خەتلىك لەۋھە تاختىنى ئىنئام قىلىپ ئۇنى خاتىرىلىگەن. قالى باش مىلادى 1372-يىلى بۇ يەردە ئىسلام دىنى ئوقۇتۇش خانىقاسى قۇرغان ۋە يۈننەندىن موللا-ئاخۇنلارنى ئەكىلىپ، ئىسلام دىنى ئوقۇتۇش سىنىپى ئاچقان. 1403-يىلى مىڭ سۇلالىسىنىڭ جۇدى خانى تەختكە ئولتۇرغاندا بۇ خانىقانى مەسچىتكە ئۆزگەرتكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ خانىقا مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان مۇھىم سورۇنى بولۇپ قالغان. بۇ قەدىمىي مەسچىت 600 يىلدىن بېرى نەچچە قېتىم رېمونت قىلىنغان بولۇپ، خوتەندە يازما تارىخى ئۇزۇن مىللىي بىناكارلىق بولۇپ كەلمەكتە. بۇ قۇرۇلۇشنى خوتەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت نۇقتىلىق دىنىي پائالىيەت سورۇنى قىلىپ، چاڭدې شەھەرلىك ھۆكۈمەت نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتكەن، شۇنداقلا تاۋيۈەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بۇ جاينى مېھمان كۈتۈش نۇقتىسى ۋە ساياھەت مەنزىرە ئورنى قىلىپ بەلگىلىگەن. شۇڭا بۇ مەسچىت كۆپ قېتىملاپ پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى ھەم ئەرەب ئەللىرىنىڭ باشلىقلىرىنى، شۇنداقلا باشقا ئۆلكە، شەھەرلەردىن كەلگەن رەھبەرلەر ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلارنى كۆپ قېتىم كۈتۈۋالغان. بۇ قەدىمىي مەسچىت جايلاشقان قېڭشۇ ئۇيغۇر-خۇيزۇ يېزىسىدا يەنە شانلىق مىللىي مەدەنىيەت ئىزنالىرى بار، قەدىمىي مەسچىتتىن باشقا يەنە مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جەنۇبنى ساقلاپ دۆلەتنى تىنچلاندۇرغۇچى ئۇلۇغ سانغۇن قالى باش مەقبەرىسى، نائىب سانغۇن مادېچىڭ سانغۇن خاتىرە باغچىسى، تارىخشۇناس جېيەن بوزەننىڭ ئۆي-قورۇسى، جېيەن فامىلىلىكلەر جەمەتىنىڭ جەنۇبنى ساقلاش خاتىرە سارىيى قاتارلىقلار بار.

(ھاجى مەھمۇدى رەتلەپ تەرجىمە قىلغان)

## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

◆**قەشقەر** ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2004-يىل3-ئاينىڭ 17-كۈنى باش كاتىپلار يىغىنى ئاچتى . يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بىر يىللىق خىزمەتلىرى ئەستايىدىل خۇلاسە قىلىندى ۋە بۇ يىللىق خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى . يىغىن ئاخىرىدا ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىدە نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان قاغىلىق، يەكەن، كونىشەھەر، مەكىت ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى مۇكاپاتلاندى.

( ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد )

◆**خوتەن** ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، جايلارغا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى. جايلار بۇنىڭغا ئاساسەن، 1-، 2- ئاي ئىچىدە يېزا(بازار)لاردا تۈرلۈك ئۆگىنىش، يىغىنلارنى تەشكىللەپ، يىغىن روھىنى دىنىي زات ۋە ئېتىقادچى ئاممىغا يەتكۈزدى.

(ھەبىبۇللا مەتسەيدى)

◆**ئىلى** قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى 2004-يىل 2-ئاينىڭ 21-كۈندىن 24-كۈنىگىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. بۇ مۇسابىقە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە ئۈچ خىل تىل بويىچە قورغاس ناھىيىسى مەدرىسە جامەسى، غۇلجا ناھىيىسىدىكى ئۈچئون جامەسى ۋە كۈنەس ناھىيە بازىرىدىكى قازاق مەسچىتىدە ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئوبلاست بويىچە تاللانغان ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، دۇڭشياڭ، سالار، قىرغىز، ئۆزبېك قاتارلىق 7 مىللەتتىن 38 نەپەر مۇنەۋۋەر ياش دىنىي زات مۇسابىقىگە قاتناشتى ۋە نەتىجىگە ئېرىشكەن 18 نەپەر مۇنەۋۋەر ۋەز-تەبلىغچى تەقدىرلەندى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقە كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى، ۋەز ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كۆپلۈكى، ۋەز-تەبلىغ تېمىلىرىنىڭ كەڭ دائىرىلىكلىكى، مەزمۇنىنىڭ جانلىقلىقى، مۇسۇلمانلارغا بولغان تەربىيىسىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن ئوبلاستتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا ئىنتايىن ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى.

(ئىلى ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى)

◆**قىزىلسۇ** قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى 3-نۆۋەتلىك 4-سانلىق دائىمىي ئەزالار يىغىنى 2004-يىل 24-فېۋرال كۈنى ئېچىلدى، يىغىندا ئۆتكەن يىللىق خىزمەتلەر خۇلاسىلىنىپ، 2004-يىللىق خىزمەت پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بىر مۇئاۋىن رەئىس، بىر دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى تولۇقلاپ سايلاندى.

(ئابدۇقادىر تاھىر)

◆**يەكەن** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2004يىل 4-ئاينىڭ 19-كۈنى دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى چاقىردى . يىغىندا ئالدى بىلەن ھەر يېزا- بازارلىق ئىسلام شۆبە جەمئىيەتلىرىنىڭ يېقىنقى مەزگىلدىكى خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلۈپ، مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

(يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

◆**كېرىيە** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2004-يىل 4-ئاينىڭ 28-كۈنى تۇنجى قېتىملىق«يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر»دىن ۋەز سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.

(ئەنۋەر مۆمىن)

◆ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى 7-قېتىملىق يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش يۈزىسىدىن **باي** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى بۇ يىل 3-ئاينىڭ 19-كۈنى ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك 3-سانلىق يىغىنىنى ئاچتى.

**باي** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2003-يىلى 12-ئايدا جامائەتنى ئۆز ئارا مېھىر-شەپقەت يەتكۈزۈشكە چاقىرىپ، دىنىي زات ۋە جامائەت ئىئانە قىلغان پۇل بىلەن ''مېھىر شەپقەت فوندى'' ھېسابى تەسىس قىلغانىدى. بۇ فوندتىن ئىلگىرى-ئاخىر 24 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلىپ، جىددىي پەيتتە قۇتقۇزۇشقا موھتاج بىر كېسەل قۇتقۇزۇپ قېلىندى. (تۇردى ھەسەن)

◆**خوشۇت** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2004-يىل4-ئاينىڭ 23-كۈنى چوڭ يىغىن ئېچىپ، 2003-يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەپ، بۇ يىللىق خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى، يىغىندا «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەن 3 ئىلغار شەخس مۇكاپاتلاندى.

ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى يەنە ئېتىقادچى ئاممىنى قەبرىستانلىقنى كۆكەرتىشكە سەپەرۋەر قىلدى، ئالدىنقى يىلى 17873 تۈپ، بۇ يىل6842 تۈپ كۆچەت تىكىلدى.

(ھامۇت مامۇت)

◆**گۇما** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى بۇ يىل 4-ئاينىڭ 6-كۈنى مەزكۇر ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 4-نۆۋەتلىك 3-سانلىق ئومۇمىي ئەزالار يىغىنىنى ئاچتى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى.

(ھەبىبۇللا مەتسەيدى)

## ئىسلام مائارىپى

◆**لوپ** ناھىيىسى بۇ يىل 3-ئاينىڭ 30-كۈندىن 4-ئاينىڭ 5-كۈنىگىچە چاھارباغ يېزىسىدا ناھىيە بويىچە 11 دىنىي زاتتا تەربىيىلىنىۋاتقان 33 تالىپقا دەرس تولۇقلاش كۇرسى ئاچتى. (ھەبىبۇللا مەتسەيدى)

## تۆھپىكار دىنىي زاتلار

◆بۇلتۇر **بىگتۇەن** يېزا ئىگىلىك 3-دېۋىزىيە 53-تۇەن 5-لىيەندىن نۇربىلال ھاجىم، تۇردى ھاجى، قادىر نەمەت، سەمەت ھېيت قاتارلىقلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مۇسۇلمانلار 60 مىڭ يۈەن ئىئانە توپلاپ يەر تەۋرەش ئاپىتىدە ئۆرۈلۈپ كەتكەن لىيەن مەسچىتىنى ۋاقتىدا سېلىپ پۈتتۈردى. يەنە ئالدىن بېيىغان قادىر تۇرغۇن، مۇسا سىدىقلار باش بولۇپ 14 مىڭ يۈەن نەق پۇل يىغىپ، مەسچىت جامائىتىنىڭ نامازغا بېرىپ-كېلىشى ئۈچۈن مەسچىتكە بىر تراكتور ئېلىپ بەردى.

(ھەسەنجان قارى)

◆**يېزا ئىگىلىك 3-دېۋىزىيە** 52-تۇەن مەيدان 3-لىيەندە ئولتۇرۇشلۇق دىنىي زات بەكرى ئەمەت ھاجى ۋە ئابدۇرەھىم ئىمىن قاتارلىق تەرەققىپەرۋەر كىشىلەر بۇ لىيەندىكى 5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كاتاڭ يولنى قايتا رېمونت قىلىش ئۈچۈن ئۆز يېنىدىن 15 مىڭ يۈەن نەق پۇل چىقىرىپ، بۇ يولغا شېغىل ياتقۇزۇپ بەردى.

(مەتمىن يۈسۈپ)

◆**ئاۋات** ناھىيە تامتوغراق يېزىسىغا قاراشلىق 24 دىنىي سورۇن، 6 دىنىي زات

ئايرىم-ئايرىم ھالدا 15590 يۈەن ۋە 1790 يۈەن ئىئانە توپلاپ، تامتوغراق يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە كومپيۇتېر قاتارلىق زۆرۈر ئۈسكۈنىلەرنى ئېلىپ بەردى. (ئەلقەم ھۇسەن)

◆ **ئاقتو** ناھىيە تورتاي دېھقانچىلىق مەيدانى 5-كەنت جۈمە مەسچىتىنىڭ خاتىپى ئابدۇغېنى داموللا ئۆز مەھەللىسىدىكى جامائەتنى سەپەرۋەر قىلىپ، 2000 يۈەن ئىئانە توپلاپ، ئۇنىڭغا ئۆزى 500يۈەن قېتىپ، شۇ مەھەللىدىكى يېتىم ھەم نامرات بىرەيلەننى ئۆيلەپ قويدى ۋە ئۇنىڭغا يېڭى ئۆي سېلىپ بەردى. ئابدۇغېنى داموللام يەنە قىشتا سوغۇقتا قېنىلىپ قالغان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن مەكتەپكە 1000يۈەن پۇل ئىئانە قىلغاندىن باشقا جامائەتنىمۇ سەپەرۋەر قىلىپ، ئىئانىگە توپلانغان 1000كىلوگرامدىن ئارتۇق ئوتۇن، 1300يۈەن نەق پۇلنى مەكتەپكە يەتكۈزۈپ بەردى.

(تاشقارى يۈسۈپ)

◆ **ئاۋات** ناھىيىسىكى دىنىي زاتلار ۋە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى نامرات ئائىلىلەرگە 61مىڭ 490يۈەن، سۇ ئىنشائاتى ۋە ئاپەت يۈز بەرگەن رايوندىكى خەلق ئۈچۈن 5030 يۈەن، مائارىپ ئۈچۈن 68مىڭ 345 يۈەن ئىئانە قىلدى.

(يۈسۈپجان مۇھەممەد)

◆ **پىچان** ناھىيە پىچان يېزىسىدىكى 47دىنىي زات ئۆتكەن يىلدىن بۇ يىل 3-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە مائارىپقا ۋە نامرات ئائىلىلەرگە 5500يۈەن ياردەم قىلدى. يەنە دالانكارىز يېزىسىدىكى دىنىي زاتلار ۋە جامائەت يېقىنقى 3 يىلدىن بۇيان مائارىپقا 23 مىڭ 333يۈەن پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملارنى ئىئانە قىلدى.

(مىجىت ئىبراھىم)

## ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار

◆ **قاغىلىق** ناھىيىسىدىكى **سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى** بۆلتۈرنىڭ باشلىرىدىن بۇ يىل 4-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئۆز يېنىدىن جەمئىي 55 مىڭ 200 يۈەن قىممىتىدە 17 تونىنا ئاشلىق، 18 تونىنا كۆمۈر، 421 قۇر كىيىم-كېچەك ھەمدە بىر بۆلۈك چارۋا، نەق پۇل، گۆش-ماي قاتارلىقلارنى يېتىملىقۇم يېزىسى، قاغىلىق بازىرى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى بىر قىسىم مەكتەپلەرگە ۋە 120 دىن ئارتۇق نامرات ئاممىغا ئىئانە قىلدى.

(سىدىق تۇردى)

◆ ئۆتكەن يىلى **بىگتۇەن** قورغاس 4-دېۋىزىيە 62-تۇەن قورام مەھەللىنىڭ مەسچىتىنى قايتا يېڭىلاش ئۈچۈن 1-لىيەندىكى **بىلال كەرىم** 100 مىڭ يۈەن، **مەخەت ھاجى** 30 مىڭ يۈەن، **تۇرغان مەھەممەت** 10 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى ھەمدە قورام مەھەللىدىكى نامرات ئائىلىلەرگە 200 يۈەندىن نەق پۇل، ئۇن ياردەم قىلدى. يەنە شۇ مەيداندىن يەككە تىجارەتچى **تۇرسۇنگۈل چوگاخۇن** مىللىي پەرزەنتلەر مەكتىپىدىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارغا 1000يۈەن نەق پۇل، سەنئەت ئوقۇغۇچىلىرىغا 26 قۇر كىيىم-كېچەك ئىئانە قىلدى.

(تۇرسۇنجان تۇردى، توختىگۈل ماموتھاجى)

◆شىنجاڭ **يېزا ئىگىلىك 3-دېۋىزىيە** 43-تۇەن 1- مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇتقۇچىلار ئاق قان كېسىلى بولۇپ قالغان بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا 2656يۈەن ئىئانە قىلدى.

(ئابلا قادىر)

◆شىنجاڭ **يېزا ئىگىلىك 3-دېۋىزىيە** پەيزاۋات باش مەيدان مەركىزىي مىللىي ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپتىكى 143 **ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچى** قاتناش ھادىسىسىدە مېيىپ بولۇپ قالغان بىر ئوقۇتقۇچىغا 2560 يۈەن، 7-لىيەندىكى ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغان بىر ئىشچىغا 4851 يۈەن ئىئانە قىلدى. (تۇرسۇنجان زۇنۇن)

◆شىنجاڭ **يېزا ئىگىلىك 3-دېۋىزىيە** ئوتتۇرا مەكتىپى مىللىي شۆبە ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى **ئوقۇتقۇچىلار** جىگەر ۋە بۆرەك كېسىلى بولۇپ قالغان نامرات بىر ئوقۇغۇچىغا 7200 يۈەن ئىئانە قىلدى. 3-دېۋىزىيە 43-تۇەن بازاردا ئولتۇرۇشلۇق ئەخەت قارى يېقىندا ئوقۇش راسخوتىنى تۆلىيەلمىگەن 8 ئوقۇغۇچىنىڭ 791يۈەن پۇلىنى تۆلىدى ھەمدە نامرات ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ بالىلىرىغا 1800يۈەنلىك ئوقۇش قوراللىرى ئېلىپ بەردى.

(ئەخەت ئابلىز)

◆ **ئاتۇش** شەھىرىدە ئىشلەۋاتقان 40 تىن ئارتۇق ئىشچى-خىزمەتچى 3-دېۋىزىيە قىزىلسۇ قىزىلبايراق مەيدانى تەۋەسىدىكى ئاسفالت يول قۇرۇلۇشىغا 4050يۈەن ئىئانە قىلدى. (مەھەممەت ئوسمان)

◆ **يېزا ئىگىلىك 3-دېۋىزىيە** 51-تۇەن 11-لىيەندە ئولتۇرۇشلۇق يەككە تىجارەتچى **ئابلەت ھوشۇر** 30 مىڭ يۈەن چىقىرىپ، 6-لىيەننىڭ خەتەرلىك بولۇپ قالغان مەسچىتىنى رېمونت قىلدۇرۇپ بەردى.(مۆمىنجان قادىر)

## خەۋەر

◆بۇ يىل 4-ئاينىڭ 1-كۈندىن 2-كۈنىگىچە **شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىگتۇەنى** بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى ئورۇمچىدە بىگتۇەن ئىسلام دىنى1-قېتىملىق «يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر» بويىچە ۋەز سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. بىگتۇەننىڭ ھەر قايسى دېۋىزىيىلىرىدىن كەلگەن 41 دىنىي زات مۇسابىقىگە قاتناشتى. ئىككى كۈنلۈك جىددىي مۇسابىقە ئارقىلىق 1-دەرىجىلىكتىن بىر نەپەر، ئىككىنچى دەرىجىلىكتىن 3 نەپەر، 3-دەرىجىلىكتىن 6 نەپەر ماھىر مەيدانغا كەلدى ۋە مۇكاپاتلاندى، قالغان ماھىرلار رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

(بىگتۇەن مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى)

◆ **ئاقتو** ناھىيىلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى بۇ يىل 1-ئاينىڭ 30-كۈنى ھەر قايسى يېزا-بازار، مەيدانلىرىدىكى جۈمە مەسچىتىنىڭ خاتىپلىرى، 2003-يىللىق يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتىدە"بەشتە ياخشى" بولۇپ باھالانغان دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى. دىنىي زاتلار قاتناشقان قوش"بەشتە ياخشى"لارنى مۇكاپاتلاش چوڭ يىغىنى ئېچىپ، ناھىيە بويىچە 22 ئورۇندىكى "بەشتە ياخشى" دىنىي پائالىيەت سورۇنى، ئوسمانجان قارى قاتارلىق 25 نەپەر"بەشتە ياخشى" دىنىي زاتنى مۇكاپاتلىدى. (قەيسەر موللا)

بۇ سانىنىڭ ماقالىلىرى ئۇيغۇرسوفت شىركىتى «**ئەل كاتىب 2.7**» نۇسخىسىدا تىزىلدى ۋە «**ئەل كوررېكتور**»دا كوررېكتورلۇق قىلىنىپ بېسىپ چىقىرىلدى. كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد، شەمشىنۇر ھوشۇر.



ژۇرنىلىمىزنىڭ 2004-يىللىق مۇشتەرىلىرىدىن شەرەپلىك ۋىلايەت ۋە ناھىيە(شەھەر)لەر

قەشقەر ۋىلايىتى
يەكەن ناھىيىسى
مەكىت ناھىيىسى
قاراقاش ناھىيىسى
قەشقەر شەھىرى
توقسۇ ناھىيىسى

ئاقسۇ ۋىلايىتى
كوناشەھەر ناھىيىسى
قاغىلىق ناھىيىسى
ئاقسۇ شەھىرى
كورلا شەھىرى
قۇمۇل شەھىرى

ئونسۇ ناھىيىسى
تۇرپان شەھىرى
خوتەن ناھىيىسى
ئاۋات ناھىيىسى
مارالبېشى ناھىيىسى

خوتەن ۋىلايىتى
باي ناھىيىسى
پوسكام ناھىيىسى
يېڭىشەھەر ناھىيىسى
كېرىيە ناھىيىسى
لوپ ناھىيىسى

# ئىسلام مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما



7-ئەسىردە ئىران ياكى ئىراقتا ئىشلەنگەن مىس چۆگۈن. ھازىر نيۇ-يورك شەھەرلىك سەنئەت مۇزېيىدا ساقلانماقتا.



10-ئەسىردە ئىران ياكى ئىراقتا ئىشلەنگەن ئالتۇن چۆگۈن. ھازىر ۋاشىنگتوندىكى سەنئەت سارىيىدا ساقلانماقتا.




14-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاھىرەدە ئىشلەنگەن ئاسما چىراغ. ھازىر بېرلىن ئىسلام سەنئەت مۇزېيىدا ساقلانماقتا.



13-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا سۇرىيەدە ئىشلەنگەن ئېگىزلىكى 19 سانتىمېتر كېلىدىغان ئېگىز پۇتلۇق جام. ھازىر نيۇ-يورك شەھەرلىك مۇزېيىدا ساقلانماقتا.



13-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سۇرىيەدە ئىشلەنگەن سېرىق مىس، كۈمۈش بىلەن بېزەلگەن ھاجىلارنىڭ سۇدىنى. ھازىر ۋاشىنگتوندىكى سەنئەت سارىيىدا ساقلانماقتا.



1044-يىل كۈمۈشتە ئىشلەنگەن ئەتىر قۇتىسى. ھازىر ئىسپانىيە مۇزېيىدا ساقلانماقتا.


《中国穆斯林》（维吾尔文版） «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» (ئۇيغۇرچە)

ISSN 1007-5836

06>

771007 583001

国际标准刊号：ISSN1007—5836 خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:

国内统一刊号：CN11—1346/B مەملىكەتلىك بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:

国内邮发代号：（新）58—167 پوچتا ۋاكالەت نومۇرى:

国外发行代号：Q1720 چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:

公 开 发 行 定价：4元 ئاشكارا تارقىتىلىدۇ باھاسى: 4 يۈەن